# تۆزگۆچىدىن

سىز ۋە بىزگە مەلۇمكى ھاياتنىڭ نۇرغۇن
ئىسسىق سوغۇقىنى بېشىدىن ئۆتكۈزۈپ قىمـ
مەتلىك ھايات جەۋھەرلىرىنى مۇجەسسەملىگەن
ئاتا ـ بوۋىلىرىمىز ناھايىتى ئىخچام قىلىپ:
«ھېكمەتلىك نەسىھەتكە يېقىن قۇلاق مەڭگۈ
ئۆز رولىنى جاريي قىلدۇرالايدۇ» دەپ ئېيتـ
قان.

دەرۋەقە، كىشى پايدىلىق نەسىھەتلەر بىـ
لەن كۆپرەك ئۇچرىشىپ تۇرسا، ھاياتىنى گۈـ
زەل مەنالار خەزىنىسىدە سەير قىلدۇرالايدۇ.
بۇخىل سەير ئىنساننىڭ ھاياتقا بولغان چۈشەنـ
چىسىنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇش دەرسخانىـ
سى بولۇپ، بۇخىل دەرسخانىنىڭ كۆپلەپ تەـ
سىس قىلىنىشى ئىنسانىيەت، شۇنداقلا جەمـ
ئىيەت تەرەققىياتى ئۈچۈنمۇ ئىنتايىن مۇھىم.
مەن خەلقىمىزنىڭ ئۆز مەنىۋىيەت ئالىمىگە تو-
لىمۇ ماس بولغان ھېكمەتلىك نەسىھەتلەر بىـ
لەن كۆپرەك ئۇچرىشىش ئىستىكىگە ئازراق
بولسىمۇ مەنپەئەتى تېگەر دېگەن مەقسەتتە، قو-

لىگىمزدىكى «ئەرلەرگە 100 نەسىھەت» دېگەن
كىتابنى تۇزۇپ چىققىتىم. كىتابقا كىرگۈزۈل-
گەن ھېكمەتلەر ئەرلەرنىڭ ئۆز - ئۆزىنى مۇ-
كەممەللەشتۇرۇشىدە، ئۆز قىممىتىنى بىلىپ
يېتىشىدە تۇرتكىلىك رول ئوينايدۇ.
«ياپونىيىدە كىتابلارنىڭ كۆپ قىسمى
يانچۇققا سېلىشقا ئەپلىك قىلىپ كىچىك كەس-
لەمدە نەشر قىلىنىدىكەن. چۈنكى ئۇلار خىز-
مەت ۋە بىر-بىر جايغا بېرىش داۋامىدا مېترودا
ئولتۇرۇش پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ كىتاب
ئوقۇيدىكەن. كىتابلار يانچۇققا سېلىشقا بەك
ئەپلىك بولغاچقا، ئازراقلا پۇرسەت بولسىلا،
يانچۇقىدىن كىتابنى ئېلىپ ئوقۇيدىكەن...»
ئويلاپ باقساق بۇ بىزدىكى كىتاب چىقىرىشقا
زادىلا ئوخشىمايدىكەن. بىز كىتابنى قانچە
چوڭ چىقارساق شۇنچە سۇپەتلىك ھېسابلاي-
مىز. دىققىتىڭىزگە سۇنۇلىۋاتقان بۇ كىتابچە-
لار ياپونىيىلىكلەرنىڭ كىتاب ئوقۇشقا چىقى-
رىدىغان ۋاقىتنى كۆزدە تۇتۇپ كىتاب چىقىر-
دىغان ئادىتىنىڭ تۈرتكىسىدە كىچىك كەسلەم-
لىك قىلىپ ئىشلەندى.

## بىرىنچى نەسىھەت

ئەي مىللەتنىڭ ئائىلىدىكى ۋەكىلى بول-
غان ئەر، شۇنى بىلگىنكى، يالغان سۆز شۇ
كىشىنىڭ ئىززىتىنى تۆكىدۇ. شۇنىڭدەك ئو-
رۇنسىز مۇتايىبە، بىھۇدە ھەزىللەرمۇ كىشىلەر-
نى خەلق ئىچىدە ھۆرمەتسىز ۋە خار قىلىپ
قويىدۇ. بولۇپمۇ يۇرت ئىگىلىرى، ھوقۇق
ئەھلىلىرى ھەزىل ـ مۇتايىبە قىلىشقا خۇشتار
بولسا، ئۇنىڭ ھەيۋەت ھالىغا شۇنچە ئاپەت
يېتىدۇ. چۈنكى تولا چاغلاردا قىلىنغان ھەزىل
ـ بەھسلەردىن، بىھۇدە گەپلەردىن كىشىلەر-
نىڭ دىلى رەنجىيدۇ. ئىنسانلار بىلسۇنكى، شۇ
سەۋەبتىن كىشىلەرنىڭ بىر ـ بىرىنى يىراق
كۆرۈپ مەنسىتمەسلىكى، ھەتتا كۆڭلىدە ئادا-
ۋەت ساقلاپ، مۆرىتى كەلگەندە ئۆچ ـ ئىنتى-
قام ئېلىشلىرى، پاسات كۆتۈرۈپ يۈرۈشلىرى
كېلىپ چىققان. ئەگەر ھەر كىشى ئۆز ھاجى-
تىنىڭ ئۇمىدىنى تىلىسە، ئاۋۋال ئۆزىگە ھا-
جەتمەن بولغانلارنىڭ ھاجىتىنى ھەل قىلىپ
بېرىشكە تىرىششى كېرەك.

## ئىككىنچى نەسىھەت

ئەي مىللەتنىڭ ئائىلىدىكى ۋەكىلى بول-
غان ئەر، شۇنى بىلگىنكى، ئادالەت ۋە ھەققا-
نىيەتكە ھۆرمەت قىلىپ، زۇلۇم ۋە ئىنساپسىز-
لىقتىن يۈز ئۆرىگىن. ھەممە ئىشتا ئوتتۇرا
يولنى تۇت. چۈنكى، خەير ئوتتۇرا يولدىدۇر.
ھەمىشە ھەددىدىن ئاشۇرۇۋېتىش بىلەن تەر-
كىدۇنيالىقنىڭ ئوتتۇرىسىنى تاپ. داۋۇد ئەلەي-
ھىسسالام ئايرىم - ئايرىم ھالقىلارنى سەۋر ۋە
دىققەت بىلەن بىر- بىرىگە جۈپلەپ، قانداق
پۇختا ساۋۇت ياسىغان بولسا، سەنمۇ ئەمەلد-
ىڭگە قولدىن كېلىشىچە سەۋر ۋە ئېھتىياتچاد-
لىق كۆرسەت. تائەت - ئىبادىتىڭنى كۈچۈڭ-
نىڭ يېتىشىچە ۋە قولۇڭدىن كېلىشىچە قانا-
ئەتلىنەرلىك قىلغىنكى، ھەددىدىن ئاشۇرۇۋې-
تىپ، بار كۈچنى ئىبادەتكە سەرپ قىلىش
زېرىكىش پەيدا قىلىدۇ.

## ئۈچىنچى نەسىھەت

ئەي مىللەتنىڭ ئائىلىدىكى ۋەكىلى بول-
غان ئەر، شۇنى بىلگىنكى، ئاتاڭدىن قالغان
شۆھرەت بىلەن قانائەتلىنىپ قالما. ئۇ شەرەپ
ۋە شۆھرەت ئۆتمۈشۈڭگە مەنسۇپتۇر. ئەجدا-
دىڭدىن قالغان شان ـ شەرەپ ۋە شۆھرەتكە
سەنمۇ يېڭى ۋە مۇناسىپ شان ـ شەرەپلەرنى
قوشقىن. شۇنداق قىلغاندىلا ھەقىقىي شەرەپ-
لىك بولىسەن. ئۆزۈڭگە مەنسۇپ بولغان شە-
رەپكە ئىگە بولمىغۇچە، ئاتاڭنىڭ شان
ـ شەرىپى بىلەن شەرەپلىك بولۇش داۋاسىدا
بولما. چۈنكى ئۆزۈڭگە خاس شەرەپ بولمى-
غۇچە، باشقىلارنىڭ شەرىپى ساڭا ئەسقاتمايـ
دۇ. ئۆتمۈشۈڭگە مەنسۇپ بولغان شەرەپ
بىلەن شەخسىي ئۆزۈڭگە مەنسۇپ بولغان
شەرەپ ئارىسىدىكى پەرق بۈگۈن بىلەن تۈنۈ-
گۈن ئوتتۇرىسىدىكى پەرققە ئوخشاش.

## تۆتىنچى نەسىھەت

ئەي مىللەتنىڭ ئائىلىدىكى ۋەكىلى بول-
غان ئەر، شۇنى بىلگىنكى، تىلىنى تۇتمىغان
كىشى ئاغزىدىن چىقىپ كەتكەن گەپلەر ئۈ-
چۈن كۆندۈزى نادامەت بىلەن قوللىرىنى ئۈ-
ۋۈلايدۇ. كېچىسى غەم ـ قايغۇدىن ئۇخلىيال-
ماي، ئورنىدا ئۇياق ـ بۇياق ئۆرۈلۈپ بىئارام
بولىدۇ. تىلى غەمكىن بولغاننىڭ قەلبى غەم-
كىن بولماس، تىلى ئۇزۇن بولغاننىڭ ئۆمرى
ئۇزۇن بولماس. ھېچكىمگە سىرىڭنى بەرمە،
بەلكىم، ھەر جەھەتتىن ئىشەنچلىك ۋە ھەممە
ئامانەتنى ساقلاشتا لاياقەتلىك بىر ئادەم بولار-
سەن... بىر مۆمىن يەنە بىر مۆمىن قېرىنددى-
شى يوق ۋاقتىدا سەمىمىي قەلب بىلەن ئۇ-
نىڭغا خەيرلىك دۇئا قىلسا، جانابى ھەق ئۇ
دۇئا ئۈچۈن جەبرائىل ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋە
پۈتۈن مالائىكىلەرنىڭ يۇقىرى ئاۋاز بىلەن
«ئامىن» دېيىشىنى ئەمر قىلىدۇ.

## بەشىنچى نەسىھەت

ئەي مىللەتنىڭ ئائىلىدىكى ۋەكىلى بولغان ئەر، شۇنى بىلگىنكى، بىر ئىشنى يولغا قويۇش ۋە ئۇنىڭدىن مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشتا تىرىشچانلىق ۋە غەيرەت كۆرسىتىپ ئىرادە باغلىغانىكەن، ئىھتىياتچان، توغرا ۋە ئەتراپلىق ئويلاش، ئەقىلسىزلىق ۋە قابىلىيەتسىزلىكنى تاشلاپ، ھەرقانداق ئەھۋالدا ۋە ھەرقانداق ئىشتا تولۇق قەيسەرلىك بىلەن جاسارەت كۆرسىتىش، مۇھىم بىر ئىش يۈز بەرگەندە ئۇنى دەرھال بىر تەرەپ قىلىش ئۈچۈن پۈتۈن غەيرىتىنى سەرپ قىلىپ ئالدىغا ئۇچرىغان توسالغۇلاردىن ئىككىلەنمەي ئۆتۈش... مانا بۇلار پىداكارلىق مەيدانىدا قىلىنغان شۇنداق بىر مۇسابىقىدۇركى، پەقەت ئۇ مەيدانىنىڭ يېگانىلىرىلا بۇ مۇسابىقىنى ئاخىرغىچە داۋاملاشتۇرالايدۇ.

## ئالتىنچى نەسىھەت

ئەي مىللەتنىڭ ئائىلىدىكى ۋەكىلى بول-
غان ئەر، شۇنى بىلگىنكى، كۆندۈزلىرى تاپا-
ۋەت كويىدا مۇشەققەت چەككەن كىشى، كې-
چىلىرى ھارغىن ھالدا ئورنىغا دۈم چۈشىدۇ
ۋە ئۆمۈر دەرىخى كۆنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن
قۇرۇپ كەتكىچە كېچىلىرىنى ۋە كۆندۈزلىرىنى
مۇشۇنداق ئۆتكۈزىدۇ. ئۇنىڭ پۈتۈن غەم -
قايغۇسى شۇ بولۇپ، ئۇنىڭغا ھاياتتا باشقا
غايىلىرىمۇ بولۇشى كېرەكلىكىنى ئەسلەتمەك-
چى بولساڭ، قۇلاقمۇ سالمايدۇ... بۇ يولدا
ئۆتۈپ كەتكەن بىر ئۆمۈر بىكار ئۆتكەن ئۆ-
مۈردۇر. ئۇ ئادەممۇ ئۆزىنى ھەرخىل بالا -
قازالار كۈتۈپ تۇرغان بىر جىنايەتكە ئوخشاي-
دۇ. ئەتە ئاخىرەتنىڭ شىددىتىنى ۋە قىيامەت
كۈنىنىڭ دەھشىتىنى كۆرگىنىدە پەرياد قىلىپ
يىغلىغىنىنى كۆر.

## يەتتىنچى نەسىھەت

ئەي مىللەتنىڭ ئائىلىدىكى ۋەكىلى بول-
غان ئەر، شۇنى بىلگىنكى، ئاياللار قىزلاردا
يۇرگۇچى ھايۋانلار كەبى ئەقىلسىز ھەم مەس-
ئۇلىيەتكە قابىلىيەتسىز ئەمەستۇر. بەزى ئاياللار
باركى، ئەگەر ئەقىللىرى مىزانىغا سېلىنسا كۆپ
ئەرلەردىن غالىب كېلىدۇ. «ئەبۇ بەكىر رەزى-
ياللاھۇ ئەنھۇ (خۇدا ئۇنىڭدىن رازى بول-
سۇن) نىڭ ئوغۇللىرى قىزلىرىغا ئوخشاش
ئەقىللىق بولسا ئىدى، ھەزرەت ئۆمەر جانابلى-
رىغا قارىغاندا خەلىپىلىكى كۈچلۈك بولار ئى-
دى» دېيىشىدۇ. شۇنداق بولسىمۇ، ئايال تە-
رىپىدىن بېرىلگەن پىكىر توغرا دەپ قارالمىسا،
ئەر ئۇچۇن بۇنىڭ توغرا ئەمەسلىكىنى مۇنا-
سىپ دەلىل كەلتۇرۇپ ئىسپاتلاپ بېرىش
لازىمدۇر. بۇنداق بولغاندا ئايال، بىرىنچىدىن،
ئۆزىنىڭ مەسلىھەتچى ئىكەنلىكىنى بىلگەنلى-
كىدىن؛ ئىككىنچىدىن، خاتا پىكىر ئىنىقلانغان-
لىقىدىن ئىككى تۇرلۇك پايدا كۆرگەن بولىدۇ.

## سەككىزىنچى نەسىھەت

ئەي مىللەتنىڭ ئائىلىدىكى ۋەكىلى بول-
غان ئەر، شۇنى بىلگىنكى، بىلىم تەس، بى-
لىمسىزلىك ئۇنىڭدىنمۇ تەس. تەقۋادارلىق
قىيىن، گۇناھكارلىق ئۇنىڭدىنمۇ قىيىن. چۈن-
كى بىلىمسىزلىك ۋە گۇناھكارلىقنىڭ ئاقىۋىتى
پالاكەتتۇر. گۇناھ ۋە ھارامدىن ساقلانغانلار-
نىڭ بولسا يولۇققان قىيىنچىلىقلارنى يېڭىكلى-
تىش، مۈشكۈللەرنى ئاسانلاشتۇرۇشقا كېپىل-
لىك قىلىدىغان بىر يۆرۈش قوغدىغۇچىلىرى
بار. گۇناھ ۋە ھارامدىن ساقلانغانلار بۇ دۇنيادا
ياخشى مەدھىيىلەرگە ئېرىشكىنىدەك، ئاخىرەت-
تىمۇ تۆگىمەس ئەجىرلەرگە ئىگە بولىدۇ.
چۈنكى گۇناھ ۋە ھارامدىن ساقلانغۇچىلار ھەر
ئىش ۋە ھەر خۇسۇسنىڭ ھەقىقىتىنى تەھلىل
قىلىدىغان، ماھىيىتى ۋە ئىچكى سىرىدىن خە-
ۋەردار بولغان ۋە تەپەككۇر قىلىدىغانلاردۇر.

## توققۇزىنچى نەسىھەت

ئەي مىللەتنىڭ ئائىلىدىكى ۋەكىلى بول-
غان ئەر، شۇنى بىلگىنكى، ئېھتىيات ۋە پارا-
سەت ئىگىلىرى كۆزلىرىنى بىردەم بولسىمۇ
ھىدايەت يولىدىن ئۈزمەيدۇ. ياخشىلىق قىل-
غۇچى ۋە تەقۋادار ھەمىشە ئەڭ پەزىلەتلىك
بولغان ئىشلارنى تاللايدۇ. گۈزەللەرنىڭ پاك
بولغىنىنى ئەلا بىلىدۇ، ئېسى بار ئۇتتا ئىس-
سىنمايدۇ. ھەمىشە: «ئەڭ كورلۇق چەكلەن-
گەن رايوننىڭ يېنىغا بېرىشتۇر. بۇ ئىش
مېنىڭچە خەتەرلىك ۋە سائادەتنىڭ توسال-
غۇسىدۇر ھەمدە دىنىمىزگە زىيانلىقتۇر، بۇ
بۇنداق، ئۇ ئۇنداق...» دەپ تىكەنلىك يولدا
يالاڭئاياغ يۈرگەن ئادەمدەك ئېھتىيات بىلەن
دەسسەپ ماڭىدۇ. گۇمانلىق ۋە يامان ئويلارنى
پەيدا قىلىدىغان ئىشلاردىن ساقلىنىدۇ ۋە قا-
چىدۇ.

## ئونىنچى نەسىھەت

ئەي مىللەتنىڭ ئائىلىدىكى ۋەكىلى بول-غان ئەر، شۇنى بىلگىنكى، پۇختا قەدەملىك بولۇش بەرىكەت دەرىخىنىڭ مېۋىسى، ئىجات-لىق ۋە خۇشاللىقنى نەتىجىگە ئېلىپ بارىدى-غان ئامىلدۇر. ھەرقانداق مەخلۇق ئۆز قەدى-مىنى پۇختىلىق ئىچىگە سالسىلا، ئۇنىڭدىن بىسيار ھوسۇل ۋە مەنپەئەت ئالالايدۇ، ھەر-قانداق كىشى پۇختىلىقنى ئۆزىگە يار قىلماي تۇرۇپ، ئىجاتلىق يولىغا قەدەم قويالمايدۇ. يې-نىكلىك يادىن چىققان ئوققا ئوخشاشتۇر. سالماقلىق قىلىچقا ئوخشاشتۇر، چۈنكى خالىسا چاپقىلى، خالىمىسا قولىدا قالدۇرۇپ، زەرەر يەتكۈزمىگىلى بولىدۇ، يېنىكلىك ھېچ ۋاقىتتا ھۆكۈمەت ئەھلىنىڭ مىجەزىگە غەزەپلىك ھا-لىتىدە مۇناسىپ ئەمەستۇر. ھەر قانداق ئىشتا ئەقىل - پاراسەتكە تايىنىش لازىم، چۈنكى ئەقىل - پاراسەت ئادەمنى باشقۇرغۇچىدۇر.

## ئون بىرىنچى نەسھەت

ئەي مىللەتنىڭ ئائىلىدىكى ۋەكىلى بولغان ئەر، شۇنى بىلگىنكى، ئۆي ئىچىدىكى چىنە – چەينەك، ئىدىش – ئاياغ ۋە باشقا نەرسىلەر سۇنغاندا ئەرنىڭ ۋەزىپىسى ۋارقىراش – جارقىراش ئەمەس، بەلكى بىلمىگەنگە سېلىپ تۇرۇشتۇر. تاسادىپىي چوڭ ئىدىش سۇنۇپ ئايال ئۆزى كېلىپ «مېنىڭ نۇقسانىمدىن بولدى» دەپ ئۆزرە سورىسا، ئەر «خۇدايىم بۇنىڭدىن چوڭ قازالاردىن ساقلىسۇن، بېشىمىز ئامان بولسا مال تېپىلار، ئەمدى بۇندىن كېيىن دىققەت قىلىشقا تىرىشىڭ» دەپ تەربىيە بەرمىكى لازىم. ئايالالار ئەرلەرنىڭ قېيناشلىرىدىن ئەمەس ئەپۇلىرىدىن، سۆركەلىشلىرىدىن ئەمەس، چىرايلىق نەسھەتلىرىدىن قورقىدۇ. لېكىن، بۇ قورقۇش قويلارنىڭ بۆرىلەردىن قورقۇشلىرى كەبى دۈشمەنلىك قورقۇش ئەمەس، بەلكى مۇھەببەت ۋە ھايا بىلەن بىرىككەن قورقۇشتۇر.

## ئون ئىككىنچى نەسىھەت

ئەي مىللەتنىڭ ئائىلىدىكى ۋەكىلى بول-غان ئەر، شۇنى بىلگىنكى، ئۆزىنى ئەقىل ئىگىسى ھېسابلىغان ھەرقانداق كىشى ھەرقان-داق ئىشتا ئېھتىياتچان بولۇشى كېرەك، ئۇ-نىڭ ئاقىۋىتىگە پىكىر يۈرگۈزۈش كېرەك، مۇ-بادا ئۇ كىشىنىڭ ئاقىۋىتى زىيان- زەخمەتلىك بولىدىغان بولسا، ئەھۋال شۇ دەرىجىگە يەت-مەستىن بۇرۇن، ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە بۇنىڭ-دىن ساقلىنىش لازىم، بولۇپمۇ بۇ خىسلەتلىك ھۆكۈمەت ئەھلىگە بەكرەك لازىمدۇر. قەتئىي-لىك بىلەن ئەقىلگە سىغمايدىغان يۈكسەك ئىمارەتلەر پۈتكۈسى، بۇنىڭ ئەكسىچە سۇس-لۇق – لامزەللىلىكتىن دۆلەت بىناسىغا ۋەيران-لىق يەتكۈسى. ۋاپا – مەردانىلەر ۋە كامالەت ئىگىلىرىنىڭ ئىشىدۇر، ئەھدە گېپىدە تۇرىدى-غان ۋىجدانلىق كىشىلەرنىڭ ھۈنىرىدۇر.

## ئون ئۈچىنچى نەسىھەت

ئەي مىللەتنىڭ ئائىلىدىكى ۋەكىلى بول-
غان ئەر، شۇنى بىلگىنكى، ئالىملار بىلەن
ھەمسۆھبەت بولماقلىق خۇددى ئەتىر سېتىشقا،
يامانلار بىلەن ئۈلپەت بولماقلىق تۆمۈرچىلىك
قىلىشقا ئوخشايدىغان ئىشتۇر. ئەتىر ساتقۇچى
ئەتىر سېتىش داۋامىدا ئۇنىڭ خۇشبۇي پۇرى-
قىدىن بەھرىمەن بولىدۇ، تۆمۈرچى تۆمۈرچى-
لىك قىلىش داۋامىدا ئوت ئىسسىقلىقى ۋە
تۈتۈن مۇشەققىتىدىن بەھرىمەن بولىدۇ. ئا-
لىملارنىڭ سۆھبىتىنىڭ بەرىكاتىدىن پادىشاھ-
لار ـ ئەمىرلەرنىڭ ئىززىتى ئۈستۈن بولىدۇ.
ئەدەبنىڭ مەنىسى يامان ئىش، يامان سۆز
قىلىشتىن ساقلىنىش، ئۆزىنىڭ، شۇنداقلا كى-
شىلەرنىڭ ئىززىتىنى ساقلاپ، ئابروينى تۆك-
مەسلىك دېگەنلىك بولىدۇ.

## ئون تۆتىنچى نەسىھەت

ئەي مىللەتنىڭ ئائىلىدىكى ۋەكىلى بول-
غان ئەر، شۇنى بىلگىنكى، ھەسەت بىر كى-
شىنىڭ راھىتى ئۈچۈن يەنە بىر كىشىنى ئا-
زابقا سالىدۇ، ھەر سائەتتە مىڭ غەم ـ غۇس-
سىنىڭ زەھرىنى كىشىگە تېتىتىدۇ، بىرەر ئا-
دەم راھەت قەدىمىنى يەرگە قويسا، ھەسەتخور
ھەسەت قولى بىلەن بېشىغا كاچاتلايدۇ. غەي-
ۋەت زىنادىن قاتتىقراق گۇناھدۇر، كىمكى
غەيۋەت قىلسا، غەيۋەتى قىلىنغۇچىنىڭ گۆشى-
نى يېگەنگە ئوخشاش بولۇپ، ئادىمىلىك تە-
بىئىتىنى يوقاتقان بولىدۇ، چۈنكى يېيىشكە
تېگىشلىك بولمىغان نەرسىلەرنى يېيىش ئا-
دەمگە خاس قىلىق ئەمەستۇر. تەكەببۇرلانماق
ئۆز قەدرىنى بىلمىگەن، ئادەم سىياقىدىن چىق-
قان كىشىلەرنىڭ سۈپىتىدۇر.

## ئون بەشىنچى نەسىھەت

ئەي مىللەتنىڭ ئائىلىدىكى ۋەكىلى بول-
غان ئەر، شۇنى بىلگىنكى، ياخشى نىيەت،
ياخشى ئەمەللەر بولسا ئىخلاسقا، پاكىزلىققا
رىئايە قىلىش، ئىبادەت، ئىتتىپاقلىق، ئۇيۇش-
قاقلىق، دوستلۇق ۋە ئىنساپ، ئادالەت، كېچى-
شىش، دىلنى خىيانەت ۋە ئاداۋەتتىن پاك
قىلىش، سېخىيلىق، چىداملىق ۋە ئېغىر بېسىق
بولۇش، گۈزەل ئەخلاقىي پەزىلەتكە ئىگە بو-
لۇش، ئۆز ـ ئارا كۆيۈنۈش ۋە ياردەم بېرىش،
ياخشى ئىشلارغا ئىنتىلىش، ئېھتىياتچان ۋە ئى-
شەنچلىك بولۇش، ئىلىم ئۆگىنىش ۋە باشقى-
لارغا ئۆگىتىش، ئىنسانىي مۇناسىۋەتنى بىلدۈ-
رۈش، باشقىلارغا مەنپەئەت يەتكۈزۈش، كۆ-
يۈمچانلىق، سادىقەتلىك، كەڭ قوللۇق، ساخا-
ۋەتلىك، راستچىللىق، ياخشى يولغا مېڭىش،
يامان يولدىن قايتىش قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

## ئون ئالتىنچى نەسىھەت

ئەي مىللەتنىڭ ئائىلىدىكى ۋەكىلى بول-
غان ئەر، شۇنى بىلگىنكى، ئەدەب - ئەخلاق-
لىق بولۇپ، ۋىجدانىي بۇرچۇڭنى ئادا قىلى-
دىغان بول؛ كىشىلەرگە ياخشىلىق قىل؛ ئادەم-
لەرنى ياخشىلىققا دەۋەت قىلىپ، يامانلىقتىن
يىراق تۇرىدىغان قىل؛ ئۆمرۈڭدە يولۇققان
قىيىنچىلىقلارغا سەۋرچانلىق بىلەن بەرداشلىق
بەر؛ بىرى ساڭا ئۆكتەملىك قىلىپ زۇلۇم سال-
سا، سەن ئادىللىق بىلەن ئەپۇچان بول؛ دۇن-
يادا ئابرۇي - ئاتاق ئۇچۇن ياشىما، كىچىك
پېئىل بول؛ ھەرقانداق ئىشتا ئۆزۈڭنى تۇتۇش-
نى بىل، ئالدىراڭغۇ بولما، سۆرەلمىلىكمۇ قىل-
ما؛ سىلىق - سىپايە بول، ھاكاۋۇر، مەنمەن-
چى، قۇرۇق سۆزلۈك بولۇپ قالما. شۇ ئارقى-
لىق خەلققە ئۈلگە بول.

## ئون يەتتىنچى نەسىھەت

ئەي مىللەتنىڭ ئائىلىدىكى ۋەكىلى بول-
غان ئەر، شۇنى بىلگىنكى، ئەرلەر بوش ۋا-
قىتلىرىدا ئۆزلىرىنىڭ قانداق نەرسىلەر ۋە مۇ-
ئامىلىلەرنى سۆيۈپ ـ سۆيمەيدىغانلىقلىرىنى،
باللارنى قانداق تەربىيە قىلغانلىقلىرىنى،
دوستلار ۋە دۈشمەنلىرىنىڭ ھاللىرىنى ئاياللى-
رىغا ئاز ـ ئاز بولسىمۇ بىلدۈرۈشى كېرەك.
بۇنداق قىلىش ئاياللارنىڭ خاتالىقلاردىن ساق-
لىنىشىغا سەۋەب بولار. ئەمما، ئادەم بالىسى
ئۇنتۇش ۋە خاتالىشىشتىن خالىي بولمىغانلىق-
تىن شەرىئەتكە خىلاپ بولمىغان خاتالىقلارنى
ئەپۇ قىلماق زور ياخشىلىق بولۇر. ئەگەر ئايال
شەرىئەت يول قويمايدىغان خاتا ئىش قىلغان
بولسا، ئۇنىڭغا سۆكۈت قىلىش ئەلۋەتتە توغرا
بولمايدۇ. بۇنداق ۋاقىتتا ئەر مەزكۇر ئىشنىڭ
ئەيىب ئىكەنلىكىنى ئايالىغا بىلدۈرسۇن.

## ئون سەككىزىنچى نەسىھەت

ئەي ملللەتنىڭ ئائىلىدىكى ۋەكىلى بول-
غان ئەر، شۇنى بىلگىنكى، نەپسىڭنىڭ كەيند-
گە كىرمە، قانائەتچان بول. ئۆزۈڭدە يوق
سۈپەتلەرنى ئىپتىپ سىنى ماختىغان كىشىنىڭ
سۆزلىرىگە ئالدانما. دوستلىرىڭ بىلەن نىزالا-
شما. ھېچكىمنى ئۆزۈڭدىن پەس كۆرمە. سى-
رىڭنى ئاشكارا قىلما. مال ـ دۇنيالىرىڭغا مەغ-
رۇرلانما. ھەركىمگە ئوچۇق چىراي، شىرىن
سۆز بىلەن مۇئامىلە قىل. ئۆزۈڭدىن چوڭلار-
نىڭ خىزمىتىنى قىلماق بىلەن، كىچىكلەرگە
مېھىر ـ شەپقەت قىلماق بىلەن، كەمبەغەللەر-
گە ساخاۋەت قىلماق بىلەن، دوست ـ يا-
رەنلەرگە ۋە ئائىلە ـ تاۋابىئاتلىرىڭغا ۋەز
ـ نەسىھەت قىلماق بىلەن، ئالىملارغا ئەدەب
ـ ھۆرمەت ئىتائىتىدە بولماق بىلەن ئۆمرۈڭنى
ئۆتكۈزگەيسەن.

## ئون توققۇزىنچى نەسىھەت

ئەي مىللەتنىڭ ئائىلىدىكى ۋەكىلى بول-
غان ئەر، شۇنى بىلگىنكى، توغرا سۆزلەش ۋە
توغرا ئىشلەش؛ ھالال، پاك مېھنەت قىلىش؛
ئەمەلگە ئىنساپ ۋە ئادالەتلىك مۇئامىلە قى-
لىش؛ نەپسىنىڭ ئارزۇلىرىغا ئوشۇقچە بېرىل-
مەسلىك؛ ئالىم، بىلىملىك كىشىلەر بىلەن
سۆھبەتلىشىش، ئۇلارنىڭ سۆھبىتىدىن بەھ-
رىمەن بولۇش؛ چوڭلارنىڭ ئىززەت - ھۆر-
مىتىنى بەجا قىلىش؛ كىچىكلەرگە شەپقەتلىك،
مەرھەمەتلىك بولۇش؛ چىن ۋە سەممىي
دوستلۇق قىلىش؛ موھتاجلارغا ياردەم بېرىش
ۋە ئۇلارغا ئىنئام - ئېھسان قىلىشنى ئۇنتۇ-
ماسلىق؛ نادانلارغا نەسىھەت قىلىش قاتارلىق
ئون ئىش ھەممە ياخشىلىقلارنىڭ مەنبەسىدۇر.

## يىگىرمىنچى نەسىھەت

ئەي مىللەتنىڭ ئائىلىدىكى ۋەكىلى بول-
غان ئەر، شۇنى بىلگىنكى، ئەگەر ئادەمدە
تۇغما، كۈچلۈك غۇرۇر تۇيغۇسى بولمىسا، ئۇ
چاغدا بۇ ئادەم ئۆز روھىنى مەشىق ئارقىلىق
تەربىيىلىشى لازىم. چۈنكى ئۆزى سۆيگەن
ئىنساننىڭ جىنايەتلىرىنى سەزمەسلىكى ئادەم-
نىڭ تۇغما خىسلىتىدۇر. شۇنداق ئىكەن،
شەھۋانە خاھىشلارغا يول قويماسلىق ئۈچۈن
ئەلۋەتتە كۈچلۈك غۇرۇر بولۇشى كېرەك. ئىن-
سانىنى ھالاكەتكە ئېلىپ بارىدىغان نەرسىلەر-
نى روھىغا راۋا كۆرمەسلىك ئۈچۈن، بۇنداق
ھاللاردا غەزەپتىنمۇ ئىجابىي پايدىلىنىشنى بى-
لىش ۋە روھنى دائىما ئۆزىدىن قانائەتلەنمەس-
لىككە ئۆگىتىش كېرەك. تەربىيە كۆرگەن ئا-
دەملەر ئۆز روھلىرىنى دائىما خۇشاللىق، ئار-
تۇقچە كۈلۈش، قاتتىق خاپا بولۇش، ئارتۇقچە
قايغۇرۇشتەك ھالەتلەردە مۆتىدىللىك دائىرى-
سىدىن چىقماسلىققا مەجبۇر قىلالىشى كېرەك.

## يىگىرمە بىرىنچى نەسىھەت

ئەي مىللەتنىڭ ئائىلىدىكى ۋەكىلى بول-
غان ئەر، شۇنى بىلگىنكى، ھەر بىر شەخس
بەخت ـ سائادەتكە ئېلىپ بارغۇچى پائالىيەت
بىلەن قانچە ئۇزاق ۋە قانچە تىرىشچانلىق
بىلەن شۇغۇللانسا، ئۇنىڭ كۆڭلى، روھىي
ھالىتى ھەم شۇنىڭغا مۇۋاپىق ھالدا مۇكەممەل-
لىشىپ، پەزىلەتلەرگە تولۇپ بارىدۇ. گويا ما-
ھىر خەتتات ھۆسنخەت بىلەن ئۇزلۇكسىز
شۇغۇللىنىش جەريانىدا خېتى بارا ـ بارا گۈ-
زەللىشىپ، بۇنىڭدىن بارغانسىرى ئۆزىنىڭمۇ
زوقى ئېشىپ بارغاندەك، كامالەت ئارقىلىق
بەخت ـ سائادەتكە ئېرىشىشكە ئىنتىلگۈچى
كىشىنىڭ قەلبىمۇ بارا ـ بارا پاكلىنىپ، ياخ-
شىلىق قىلغىنىغا ئۆزىنىڭمۇ كۆڭلى ئۆسۈپ،
زوقى ئېشىپ بارىدۇ. بۇنداق ئادەمنىڭ كۆڭلى
— روھى شۇ قەدەر يۈكسىلىپ، گۈزەللىشىپ،
تاكامۇللىشىپ بارىدۇ.

## يىگىرمە ئىككىنچى نەسىھەت

ئەي مىللەتنىڭ ئائىلىدىكى ۋەكىلى بول-
غان ئەر، شۇنى بىلگىنكى، ھەرقانداق ئادەم
ئۆزىگە ئىشىنىشنى ھەقىقىي ئۆگىنىۋالىدىغان
بولسا ھەرقانداق قىيىنچىلىقنى يېڭىپ كېتە-
لەيدۇ ھەم مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشنىڭ بىرىنچى
قول ماتېرىيالىغا ئېرىشكەن بولىدۇ. كۆڭلىدە
ئۆزىنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىغا ئىشەنگەن
ۋە شۇ ئىشەنچىسىدە چىڭ تۇرالىغان ئادەم
چوقۇم مەقسىتىگە يېتەلەيدۇ. مۇۋەپپەقىيەت
خىيالىي تەسەۋۋۇر ئەمەس. خام - خىيال بىد-
لەن شېرىن خىيال بىر - بىرىگە تۈپتىن
ئوخشىمايدىغان ئىككى ئىش. ھەقىقىي مۇ-
ۋەپپەقىيەت ئۈنۈملۈك تەدبىرلەر ئارقىلىق قى-
يىنچىلىقلارنى يېڭىشتىن، ئۆزىڭىزنى ھەقىقىي
كۆرسىتىشتىن كېلىدۇ. سىز ھاياتىڭىزدىكى
مەلۇم ئىشلارغا قارىتا ھەقىقىي قىزغىنلىققا ئىگە
بولغاندا، ئاندىن شۇ يۆنىلىش بويىچە ھەرد-
كەت قىلىسىڭىز بولىدۇ.

## يىگىرمە ئۈچىنچى نەسىھەت

ئەي مىللەتنىڭ ئائىلىدىكى ۋەكىلى بول-غان ئەر، شۇنى بىلگىنكى، كۆڭۈلسىز ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغىنىڭدا ئۇنۇتمىغىنكى، سەۋر - تاقەت قىلىش، ئۆزىنى تۇتۇۋېلىش باتۇرلۇق-تۇر. ھاۋا بەزىدە ئوچۇق، بەزىدە تۇتۇق بو-لىدۇ؛ ھاياتمۇ مۇقەررەر دولقۇنلۇق بولىدۇ، بەزىدە كىشى بالا ـ قازاغا يولۇقۇپ، كۈلپەت تارتىدۇ، بەزىدە پۈتۈن ئىستىقبالى تۈگەپ، قاراڭغۇلۇق ئىچىدە قالغاندەك بولىدۇ. مۇنداق چاغدا تولا كىشىلەر بۇ خىل ئەھۋالنى مەڭگۈ داۋاملىشىدىغاندەك ھېس قىلىشىدۇ. ئەمما، يامغۇرلۇق كۈنلەرنىڭ پۈتۈن بىر يىل داۋام قىلىشى مۇمكىن ئەمەس. ئالدىمىزدا ئوچۇق كۈنلەر بىزنى چوقۇم كۈتۈپ تۇرىدۇ. كۈلپەت-تە قالغان ئادەم قانچە ياش بولسا شۇنچە كۆپ تەشۋىشلىنىدۇ.

## يىگىرمە تۆتىنچى نەسىھەت

ئەي مىللەتنىڭ ئائىلىدىكى ۋەكىلى بول-غان ئەر، شۇنى بىلگىنكى، تىت - تىت بولۇش، سەۋرسىزلىنىش مىجەزنى ئۇساللاش-تۇرۇپ، ئۆز - ئۆزىنى ھالاك قىلىدۇ. شۇڭا بۇنىڭدىن مۇتلەق ساقلىنىش، سەۋر - تاقەت قىلىپ كۈتۈش كېرەك. ئازابلىق مىنۇت-لار ھامان ئۆتۈپ كېتىدۇ. ھەقىقىي سەۋر - تاقەتكە، ئۆزىنى تۇتۇۋېلىشقا جاسارەت كېرەك. قەدىمدىن ھازىرغىچە ئۆتكەن باتۇرلار بۇنى چوڭقۇر چۈشەنگەن. مەن سىلەرنىڭ باتۇر بولۇشۇڭلارنى، نۆۋىتى كەلگەندە ئۆزۈڭلارنى تۇتۇۋېلىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن. كىشىلەر قىلچىلىك ئامال تاپالمىغان كۈلپەتلىك مەز-گىلدە بۇ كۈلپەتنى مەڭگۈ داۋاملىشىدىغاندەك ھېسابلايدۇ. ۋەھالەنكى، بۇ پەقەت قورقۇنچ-لۇق خاتا تۇيغۇ.

## يىگىرمە بەشىنچى نەسىھەت

ئەي مىللەتنىڭ ئائىلىدىكى ۋەكىلى بول-
غان ئەر، شۇنى بىلگىنكى، سەن رىيازەت
ئارقىلىق تەبىئىتىڭنىڭ كۆچىنى ئاشۇرغىن.
ئەقلىڭنىڭ بىلىنى تەقۋالىق كەمىرى بىلەن
باغلا. ئەقلىنىڭ يۈسۈپى كەلگۈسىگە قارايدۇ،
ھاۋايى ـ ھەۋەس زۇلەيخاسى ھازىرغا تەلپۈن-
دۇ. يۈسۈپنى ئەقىل توسقان بولسا، زۇلەيخا-
نى تەبىئىتى ئۈندىگەن. مەن تەبىئەتنىڭ دەرد-
خىنى جايىدىن قومۇرۇۋەت دېمەكچى ئەمەس-
مەن، چۈنكى ئىنسان تەبىئىتىنى ئۆزگەرتىپ
بولماس. ھاۋايى ـ ھەۋەسنىڭ نوتىسى بىخلى-
غان ھامان ئۆتكۈر تەدبىرىڭ بىلەن كەس!
تەدبىرىڭنى تەپەككۇرۇڭدا بىلەپ ئۆتكۈرلەش-
تۈرۈپ تۇرۇشنى ھەر ۋاقىت ئېسىڭدە تۇت.
ئىنسانىنىڭ باشقىلارنى ئالدىماسلىقى ئۇنىڭ
دانالىقىنىڭ بەلگىسى.

## يىگىرمە ئالتىنچى نەسىھەت

ئەي مىللەتنىڭ ئائىلىدىكى ۋەكىلى بول-غان ئەر، شۇنى بىلگىنكى، ھاۋايى ـ ھەۋەس-كە بېرىلمە، ئۇ ئەقىل ئۈستىدىن غالىب كەل-سە، ئىنساننىڭ ياخشى ئىشلىرىنى يامان ئىشقا ئايلاندۇرىدۇ. بۇ چاغدا كۆيۈنۈش — كۆرەلمەسلىك، ئىبادەت — رىيا، سېخىيلىق — بۇزۇپ ـ چېچىش، ئىقتىسادچانلىق — بېخىللىق بولۇپ كۆرۈنىدۇ. ئاچكۆزلۈك خار-لىقنىڭ، غوم ساقلاش ئاداۋەتنىڭ، شەھۋەتپە-رەسلىك نادامەتنىڭ، يىلىنىش كۆيۈنۈشنىڭ، قانائەتچانلىق راھەتنىڭ ئاچقۇچىدۇر. تەجرىبە ئاقىۋەتنىڭ ئەينىكىدۇر.

ئەگەر بىراۋغا ياخشىلىق قىلساڭ ئۇنى يوشۇرغىن، ياخشىلىقىغا ئېرىشسەڭ رەھمەت ئېيت.

## يىگىرمە يەتتىنچى نەسىھەت

ئەي مىللەتنىڭ ئائىلىدىكى ۋەكىلى بول-
غان ئەر، شۇنى بىلگىنكى، ئەگەر سەن بىر
قېتىن مەسىلىگە دۇچ كەلسەڭ كۆزىتىپ باق،
ئەگەر بىرەر ئامال تېپىشقا ئىشەنچىڭ بولسا،
ئۇنى بايقاپ، يامان ئاقىۋەتنىڭ ئالدىنى ئال.
ئەگەر ئامال تاپالمىساڭ، سەۋر قىل، ھودۇقما.
ھەرقانداق ئىشنىڭ باشلىنىشى بولغانىكەن،
ئاخىرلىششىمۇ تەبىئىيدۇر. سىنىڭ ۋەزىپەڭ
مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشلا ئەمەس، ئۇزلۇكسىز
تىرىشىشتۇر. ئەدەپ بىلەن بولمىغان ئەقىل
ھاقارەتتۇر، ئەقىل بىللە بولمىغان ئەدەپ ھالا-
كەتتۇر، ئەدەپ بىللە بولمىغان ئەقىل بەئەينى
قورالى بولمىغان باتۇردۇر. مال ـ دۇنياغا نىس-
بەتەن كۆڭلى ـ كۆكسىنى كەڭ تۇتۇش
تەڭداشسىز راھەتتۇر، ئۇنىڭغا نىسبەتەن ئاچ-
كۆز بولۇش بولسا، ھېسابسىز ئاپەتتۇر.

## يىگىرمە سەككىزىنچى نەسىھەت

ئەي مىللەتنىڭ ئائىلىدىكى ۋەكىلى بول-غان ئەر، شۇنى بىلگىنكى، بىراۋ ياخشى ئىش قىلسۇن ياكى يامان ئىش قىلسۇن، سىنىڭ ئالدىڭدا ئۆزرە ئېيتسا، ئۇنىڭ ئۆزرىسىنى قو-بۇل قىل. كىمنىڭ بالىسى بولساڭ بولغىنكى، ئەدەپلىك بول. يۇقىرى نەسەپلىك بولغاندىن كۆرە ئەدەپلىك بولغىنىڭ ئەۋزەل. شۈبھىسىز-كى، «ئاتام بار» ئەمەس، «مانا مەن بار» دېيەلەيدىغان كىشى ھەقىقىي ئەركەكتۇر. سەن بىلىملىك، ۋىجىك ئادەملەر ئالدىدا گەۋ-دىلىكلىك بىلەن مەغرۇرلانما، ئۇنى پاكار دەپ قامەتلىكلىك بىلەن كىدەيمە. گۆھەر ئۆزى كىچىك بولغىنى بىلەن چوڭ تاشتىن قىممەت-لىكتۇر. خەيرىخاھلىق قىلغۇچىلارنى يامانلاپ بېرىدىغان، سەتنى چىرايلىق دەيدىغان ئالدام-چىلارنىڭ سۆزى بىلەن مەغرۇرلانغان كىشى ئەڭ نادان كىشىدۇر.

## يىگىرمە توققۇزىنچى نەسىھەت

ئەي مىللەتنىڭ ئائىلىدىكى ۋەكىلى بول-
غان ئەر، شۇنى بىلگىنكى، سەن يامانلىق
قىلىشقا قارىغاندا، ياخشىلىق قىلىشقا كۆپرەك
كۈچ چىقار. بېخىللىق قىلىشقا قارىغاندا، سې-
خىيلىق قىلىشقا كۆپرەك كۈچ چىقار. شۇنى
ئېسىڭدە تۇتقىنكى، سېنىڭ مال ـ دۇنيايىڭ-
دىن ساڭا تېگىدىغىنى پەقەت ئاخىرقى مەن-
زىلگاھىڭنى ياخشىلىغان نەرسەڭدۇر. شۇنىڭ
ئۈچۈن تاپقان ـ تەرگىنىڭنى توغرا يولغا
سەرپ قىل. ھەرگىزمۇ باشقىلار ئۈچۈن
مال ـ دۇنيا يىغىدىغان، ساقلاپ بېرىدىغان
«خەزىنىچى» بولۇپ قالما.

دانالار ئېيتىدۇركى: پۈتكۈل بەخت ـ
سائادەت يەتتە نەرسىگە مۇجەسسەملەشكەندۇر.
ئۇلار: چىراي ـ شەكلى كېلىشكەن، بەدىنى
ساغلام، ئۆمرى ئۇزۇن، قولى ئوچۇق، ياخشى
نامى چىققان، دوست ۋە دۈشمىنى ئۈستىدىن
غالىب كېلەلەيدىغان بولۇشتۇر.

## ئوتتۇزىنچى نەسىھەت

ئەي مىللەتنىڭ ئائىلىدىكى ۋەكىلى بول-
غان ئەر، شۇنى بىلگىنكى، باشقىلارنىڭ ساغا
ئىلگىرى قىلغان ياخشىلىق، ياردەملىرىنى ئې-
سىڭدە تۇت، سەن باشقىلارغا قىلىۋاتقان ياخ-
شىلىقلارنى ئۇنتۇپ كەت. سەندىن ئۆتۈپ
كەتكەن كىچىككىنە قىزىققانلىقلارغىمۇ دىققەت
قىل. ساڭا قىلىنغان چوڭ ئۇۋالچىلىقلارنىمۇ
بىلمەسكە سال. بۇرۇن ساڭا ياخشىلىق قىلغان
ھەرقانداق ئادەمنىڭ ياخشىلىقىغا جاۋاب قاي-
تۇر. ئۇنىڭ ئەھۋالىنىڭ ناچارلىقى، دۆلتىنىڭ
قولدىن كەتكەنلىكى سىنىڭ ئۇنىڭغا ياردەم
قولۇڭنى سۇنۇشۇڭنى توسۇپ قويمىسۇن.
سىنىڭ ئۇنىڭغا قىلغان ياخشىلىقىڭ چوقۇم
ساڭا پايدا كەلتۈرىدۇ. بىلگىنكى، دۇنيا قانداق
سۇندۇرغان بولسا، شۇنداق تېپىپ ساقايتىدۇ.
ئامەت قانداق كەتكەن بولسا، شۇنداق كېلى-
دۇ، ياخشىلىق ئۇرۇقىنى تېرىغان ئادەم ئۇنىڭ
مېۋىسىنى كۆرمەي قالمايدۇ.

## ئوتتۇز بىرىنچى نەسىھەت

ئەي مىللەتنىڭ ئائىلىدىكى ۋەكىلى بول-
غان ئەر، شۇنى بىلگىنكى، سۆزۈڭگە دىققەت
قىل. سۆزلەر ئىچىدە شۇنداق سۆزلەر باركى،
ئۇ تاشتىن قاتتىق، قىلىچتىن ئۆتكۈر، زەھەر-
دىن ئاچچىق، ئوتتىن قىزىقراقتۇر. قەلبلەر
تېرىلغۇ يەرگە ئوخشايدۇ. سەن ئۇنىڭغا ياخشى
سۆزلەرنى تېرىغىن، ھەممىسى ئۈنمىدى دې-
گەندىمۇ ئۇنىڭ بىر قىسمى ئۈنىدۇ. يالغان
سۆزلەشتىن ساقلان، يالغانچىلىق سېنىڭ ئېتى-
قادىڭنى بۇزىدۇ. كىشىلەر ئالدىدىكى ئادەم-
گەرچىلىكىڭنى يوقىتىدۇ. مەرتىۋەڭنى چۈشۈ-
رۈپ، يۈزۈڭنى تۆكىدۇ. كىشىلەر سېنى يالغان-
چى دەپ قارىسا، سېنىڭ سۆزۈڭنى ئاڭلىماس
ھەم ئىشەنمەس بولىدۇ. مۇشۇنداق بولۇپ
ياشىغان ھاياتنىڭ مەزىسى بولمايدۇ.

## ئوتتۇز ئىككىنچى نەسىھەت

ئەي مىللەتنىڭ ئائىلىدىكى ۋەكىلى بول-غان ئەر، شۇنى بىلگىنكى، ئەدەبسىزلىك شۇنداق سەلكى، ئۇ ئابروي ۋە بۈيۈكلۈك قەسرىنى گۇم قىلىپ، ئىدراك بوينىنى ھەر-خىل ئارقانلار بىلەن باغلاپ تاشلايدۇ. ئاقىل-لارنىڭ ئېيتىشلىرىچە، ئەدەب رىئايىسى شۇن-داق سۇرمىكى، ئۇنىڭ توزۇندىسىنى ھەر قان-داق كىشىگە سۈرتسە، ئىستىقبال كۆزىنىڭ روشەنلىكى ھېچقانداق سەۋەب بىلەن زەئىپ-لىك ۋە ئىللەتكە يولۇقمايدۇ. زامانىنىڭ ئۇلۇغ - ئۇششاقلىرى ئۇنىڭ ھوزۇرىنى مېھىر - مۇھەببەت بەزمىسىنىڭ چىرىغى دەپ بىلگەي-لەر. بۇنداق كىشىلەرنىڭ ئىقبالىنىڭ يۇلتۇزى كۈندىن - كۈنگە يۈكسەكلىككە كۆتۈرۈلۈۋې-رىدۇ. ئۇلارنىڭ سائادەت ۋە ئىززەت سەھىپى-لىرى شاھانە ئىلتىپاتنىڭ يورۇق چىرىغىدىن بېزىلىشۋېرىدۇ.

## ئوتتۇز ئۈچىنچى نەسىھەت

ئەي مىللەتنىڭ ئائىلىدىكى ۋەكىلى بول-
غان ئەر، شۇنى بىلگىنكى، ئەگەر ئىنسان
ئىلىم نۇرى بىلەن ئۆز يولىنى يورۇتمىسا،
نادانلىق ۋە زۇلمەت كوچىسىدا قالىدۇ. كىشى
قەلبىنىڭ نۇرى ئىلىم ۋە مەرىپەت بىلەن قۇۋ-
ۋەتلىنىدۇ. ئىنسانىيەتنىڭ قەدرى ئىلىم بىلەن
ھاسىل بولىدۇ. ئىلىمدىن ھازىرغىچە ھېچكىم
زىيان كۆرگەن ئەمەس. ئىلىمنى ئىگىلەشنىڭ
ئۆزى بىر سەنئەتتۇر. دۇنيادا قانداق ياۋۇزلۇق-
لار يۈز بەرگەن بولسا، ئۇلارنىڭ ھەممىسى
نادانلىق تۈپەيلى كېلىپ چىققان. ئەڭ زور
ھالاكەت نادانلىق بولغىنىدەك، ئىنسانىيلىقنى
يوق قىلغۇچىمۇ نادانلىقتۇر. شۇڭا نادانلىق
سېنى ئىسكەنجىسىگە ئېلىۋالمىسۇن. كۈنۈ -
تۈن قىلىدىغىنىڭ ياخشى ئەمەل ۋە ئىلىم ئۆ-
گىنىش ھەم ئۆگىتىش بولسۇن.

## ئوتتۇز تۆتىنچى نەسىھەت

ئەي مىللەتنىڭ ئائىلىدىكى ۋەكىلى بول-
غان ئەر، شۇنى بىلگىنكى، ئەر ئايالنىڭ تەبى-
ئىتىنى ياخشى بىلىپ شۇنىڭغا ئاساسەن ھە-
رىكەت قىلىشى كېرەك. ئاياللارنىڭ ئاچچىقى
تېزرەك كېلىدۇ، ئىچىمۇ تارراق بولىدۇ. كۆ-
پىنچە ئۇتتۇننى چىن دەپ ھېسابلايدۇ. شۇنىڭ
ئۈچۈن ئۇلارغا ئىللىق مۇئامىلە قىلىپ، كەم-
چىلىكلىرىدىن كۆز يۇمۇشقا، ئۇلار بىلەن دە-
تالاش قىلماسلىققا، ئاچچىق سۆز ئىشلەتمەس-
لىككە، تەبىئىتى ئېغىر، ئۆزىنى تۇتۇۋالغان
بولۇشقا مايىل بولۇش، ئورۇنسىز كۆڭلەمچىد-
لىك قىلماسلىق، ھەممىلا نەرسىنى سۈرۈشتۈ-
رۈۋەرمەسلىك، ئەپۇچان بولۇش كېرەك. چۈن-
كى بۇ نەرسىلەر ئۇنىڭ ئايال ئالدىدىكى
ھۆرمىتىنى يوقىتىدۇ، ئارىغا سوغۇقچىلىق سا-
لىدۇ، ئۆيىنىڭ تەرتىپ ـ ئىنتىزامىنى بۇزىدۇ.
ئاياللارنىڭ كۆڭلىنى جەلپ قىلغۇچى نەرسە
ئۇلۇغۋارلىق بىلەن شەپقەتتۇر.

## ئوتتۇز بەشىنچى نەسىھەت

ئەي مىللەتنىڭ ئائىلىدىكى ۋەكىلى بولغان ئەر، شۇنى بىلگىنكى، دانالار ئىلىمنى مال ـ مۈلۈكتىن ئەۋزەل دېيىشىدۇ. ئېيتىشلىرىچە، ئىلىم مېغىز بولسا، بايلىق ئۇنىڭ پوستى، ئىلىم گۈل بولسا، بايلىق ئۇنىڭ ھىدىدۇر. دانا كىشىلەر ھەر دائىم ئەنە شۇ مېغىزنى قولغا كىرگۈزۈش يولىدا جاپا چېكىدۇ. چۈنكى، ئىلىم ئاۋۋال پەزىلەتلىك كىشىلەردىن مىراس قالۇر، مال ـ بايلىق بولسا ھارۇن ۋە ھامانىنىڭ مىراسىدۇر؛ ئىككىنچى، ئىلىم كىشىدە كەمتەرلىك پەيدا قىلسا، بايلىق مەنمەنلىك پەيدا قىلىدۇ؛ ئۈچىنچى، ئىلىملىك كىشىنىڭ دوستى كۆپ بولسا، مالدار كىشىنىڭ دۈشمىنى كۆپ بولىدۇ؛ تۆتىنچى، مالدار كىشىلەر ئۆتە خەسىس ۋە بېخىل بولسا، ئىلىملىك كىشىلەر ساخاۋەت ئىگىسى بولىدۇ؛ بەشىنچى، ئىلىم كىشىگە دۇنيادا ئابروي كەلتۈرسە، مال ـ دۇنيا ئازاب كەلتۈرىدۇ.

## ئوتتۇز ئالتىنچى نەسىھەت

ئەي مىللەتنىڭ ئائىلىدىكى ۋەكىلى بول-
غان ئەر، شۇنى بىلگىنكى، ئادەمنىڭ بەرىكەت-
لىك ۋە بەدۆلەت بولۇشى ئۈچۈن ھۈنەر -
كەسىپتىنمۇ قىممەتلىك ماتا يوق ھەمدە ئۇ-
لۇغلۇق ۋە سائادەت ئاسمىنى ئۈچۈن بولسا،
قابىلىيەتتىن يارقىنراق يۇلتۇز يوق. ھۈنەر
سۆيى بىلەن سۇغىرىلمىغان كىشى خۇددى
يېمىشى ۋە سايىسى يوق قۇرۇق دەرەخكە،
ياكى ھىدى ۋە رەڭگى بولمىغان گۈلگە ئوخ-
شايدۇ. دەرھەقىقەت، بۇ جەننەت كەبى گۈل-
شەننىڭ رەيھانلىرى ھىدىدىن دىمىقىنى خۇش-
بۇي قىلغان كىشى خىلمۇ - خىل، تېپىلغۇ-
سىز لەززەتلىك نېمەتلەردىن بەھرىمەن بولى-
دۇ. بۇ نېمەتنىڭ يېقىملىق شارابىدىن بىر
يۇتۇم تېتىمىغان كىشى دائىما بەختسىزلىك ۋە
ئاجىزلىق بىلەن بىشى ئاغرىپ، خۇمار بىلەن
يۈرىدۇ ھەم كۆپ ئازاب - ئوقۇبەتلەر يۈكىنى
يەلكىسىدە كۆتۈرۈپ يۈرۈشكە مەجبۇر بولىدۇ.

## ئوتتۇز يەتتىنچى نەسىھەت

ئەي مىللەتنىڭ ئائىلىدىكى ۋەكىلى بول-
غان ئەر، شۇنى بىلگىنكى، نەپسىنىڭ تىزگىنى
ئەقىلنىڭ قولىدىدۇر، ئەقىل نەپس ئۈستىدىن
ھۆكۈم يۈرگۈزۈپ، ئۇنى يامان يولدىن ئاس-
راپ تۇرىدۇ. ئادەتتە قايسى نەرسە كۆپىيىپ
كەتسە شۇنىڭ قەدرى چۈشۈپ كېتىدۇ. ئەمما
ئەقىل كۆپەيگەنسېرى ئۇنىڭ قەدرى ئېشىۋې-
رىدۇ. ھەممە نەرسىنىڭ چېگرىسى ۋە توختاي-
دىغان جايى بار، ئەمما ئەقىلنىڭ چېگرىسى
يوق. ئارسلان ئۆز كۈچى ۋە شجائىتى بىلەن
ئوزۇقلىنىپ كۈن كەچۈرىدىغىنىغا ئوخشاش،
ئىنسانمۇ قەيەردىلا بولسۇن ئۆز ئەقلى بىلەن
كۈن كەچۈرىدۇ. ئەگەر، كىشىدە مال ـ دۇنيا
كۆپ بولۇپ، ئەقلى بولمىسا، ئۇنداق كىشى-
نىڭ قەدرى ـ قىممىتى بولمايدۇ. ئەقىلنىڭ
ئالامىتى كەمتەرلىك، ئەخمەقلىقنىڭ بەلگىسى
بولسا تەكەببۇرلۇقتۇر.

## ئوتتۇز سەككىزىنچى نەسىھەت

ئەي مىللەتنىڭ ئائىلىدىكى ۋەكىلى بول-
غان ئەر، شۇنى بىلگىنكى، ئەقىللىق كىشىلەر
ئۈچ ئىشنى يوشۇرۇشلىرى لازىمدۇر. بىرىنچى،
مال ــ بايلىقىغا نۇقسان يەتسە، ئۇنى باشقىلار
ئالدىدا سۆزلەپ يۈرمەسلىكى كېرەك. ئىككىن-
چى، ئەقىللىق سانالغان كىشىلەر ئۆزگىلەر
ئالدىدا غەم ــ ئەندىشىلىرى توغرىسىدا نالىسا،
ئۇنىڭ تۇتامسىزلىقى ۋە كۆلپەتلەرگە چىدى-
ماسلىقى مەلۇم بولىدۇ. ئۈچىنچى، ئەقىللىق
كىشىنىڭ ئۆزىدىن ياكى قوۋم ــ قېرىنداشلى-
رىدىن بىرەر ياخشى ياكى يامان ئىش سادىر
بولسا، بۇنىڭ تۆپەيلىدىن ماختانسا ياكى نالى-
سا بۇمۇ ئەقىللىقلىقىنىڭ سۆپىتى ئەمەس.
بۇنداق چاغدا ئەقىللىق كىشىگە جىم تۇرۇش
يارىشىدۇ. ئەقىللىق كىشى بىر كىمگە ياخشى-
لىق قىلسا ياكى ياردەم قىلىپ كۆلپەتتىن
قۇتۇلدۇرسا، بۇ چاغدىمۇ جىم تۇرمىقى كېرەك.

## ئوتتۇز توققۇزىنچى نەسىھەت

ئەي مىللەتنىڭ ئائىلىدىكى ۋەكىلى بول-
غان ئەر، شۇنى بىلگىنكى، ئايالغا گۈزەل مۇ-
ئامىلە قىلغۇچى ئالىي تەبىئەتلىك ئەرلەر شە-
رىئەت ھەم ئەقىل تەرىپىدىن مەنئى ئېتىلگەن
نەرسىلەرگە ئاياللىرىنى يولاتمايدۇ ۋە ئەڭ ئە-
زىز بالىسىغا بولغان مېھىر ـ شەپقىتى دەرىجى-
سىدە ئىلتىپات كۆرسىتىپ، ئايالىنى بارلىق
مۇشەققەتلەردىن ساقلايدۇ، ئۇلارنى قوربى
يەتمىگەن خىزمەتكە بۇيرۇمايدۇ. ئاياللىرىمىز
ئاتا ـ ئانىلىرىنىڭ ئەزىز بالىلىرى، ئۇلارنىڭ
كۆزلىرىنىڭ قارىلىرى بولغان ھالدا ئۇلاردىن
ئايرىلىپ بىزلەرگە يار بولماقتىلار ۋە ھەربىر
ئىشارەتلىرىمىزگە تەييار تۇرماقتىلەر. بىرىنچى-
دىن، ئائىلە نىزامىغا رىئايە قىلىش، ئىككىن-
چىدىن، بىزلەرگە ياراش ئۈچۈن كىيىمى
ئۇيقۇسى، كۈندۈزى راھەتلىرىنى پىدا قىلىپ
بالىلىرىمىزنى پەرۋىش قىلماقتا.

## قىرىقىنچى نەسىھەت

ئەي مىللەتنىڭ ئائىلىدىكى ۋەكىلى بول-
غان ئەر، شۇنى بىلگىنكى، ھەكىملەر ئادەم-
لەرنىڭ ئەخمەقلىرىنى سىرتتىن كۆزىتىپ بى-
لىۋالىدۇ. ئەخمەق كىشى كۆڭلىگە نېمە كەل-
سە ئاقىۋىتىنى ئويلىماي دەۋىرىدۇ، تەجرىبى-
لىك ۋە ئەقىللىق ئادەملەرنىڭ سۆزلىرىگە قۇ-
لاق سالمايدۇ، ئەقىلسىز ئادەملەر نېمە دېسە
ئۇلارغا رازى بولىدۇ، ئۆزىگە تەمەننا قويىدۇ،
كىم ئۇنى ماختىسا شۇنى ياخشى كۆرىدۇ،
سورالغان سوئاللارغا ئويلىماي جاۋاب بېرىدۇ،
ھەر قانداق ئىشتا ئالدىراڭغۇلۇق قىلىدۇ، ئى-
لىمدىن خالىي، خاتانىڭ كانى بولىدۇ، بىپىسپ
قالسا ياكى بىراۋغا ھاجىتى چۈشمەيدىغان بو-
لۇپ قالسا ھېچكىمنى مەنسىتمەيدۇ، مەغرۇرلى-
نىپ كېتىدۇ، بىراۋنى سۆكىدۇ، بىراۋ سوئال
سورىسا جاۋاب بەرگۈسى كەلمەيدۇ.

## قىرىق بىرىنچى نەسىھەت

ئەي مىللەتنىڭ ئائىلىدىكى ۋەكىلى بول-
غان ئەر، شۇنى بىلگىنكى، ياشانغانلارنىڭ
ئۆگۈتلىرى ياشلار ئۈچۈن باغۋەننىڭ كۆچەت-
نى تەربىيەت قىلغىنىغا ئوخشاشتۇر. باغۋەن
كۆچەتتىن ئۆسۈپ چىققان هارام شاخلارنى
پۇتاپ تۇرىدۇ، ئۇنىڭ ئەتراپلىرىدا پايدىسىز
گىياهلارنىڭ ئۈنۈپ چىقىشىغا يول قويمايدۇ.
ئۇنىڭ ياخشى ئۆسۈشى ئۈچۈن پۈتۈن كۈ-
چىنى سەرپلەيدۇ. شۇنداق قىلىنغاندىلا كۆ-
چەت كۈچلۈك بولۇپ ئۆسىدۇ ۋە چوڭ بولغى-
نىدا شىرىن - شېكەر مېۋە بېرىدۇ. مۇبادا
ئارتۇقچە شاخلىرى كېسىپ تۇرۇلمىسا، كۆ-
چەت تېز يېتىلگەن تەقدىردىمۇ، ياخشى هو-
سۇل بەرمەيدۇ، باغۋەنگە ئۇنىڭدىن پايدا كەم
بولىدۇ. بىلگىنكى، بالىمۇ خۇددى كۆچەتنىڭ
ئۆزىدۇر.

## قىرىق ئىككىنچى نەسىھەت

ئەي مىللەتنىڭ ئائىلىدىكى ۋەكىلى بول-
غان ئەر، شۇنى بىلگىنكى، ئەڭ ياخشى ئايال-
لار شۇنداق ئاياللاركى، ئۇلار پەرزەنتىگە كۆ-
يۈنەر، ئەر بىلەن مۇرەسسە قىلىپ ياشار، ئەر-
نىڭ كۈچى يەتمەيدىغان نەرسىلەرنى تەلەپ
قىلماس، ئەر نېمىنى سوۋغا قىلسا شۈكرى
چېھرىسىنى ئېچىپ ئۇنى خۇشال قىلار. ئۇلار
ھەمىشە ئەرنىڭ كۆڭلىنى ئېلىشقا ئىنتىلۇر.
ئەرنىڭ مۇھەببەت قوشنى تەبەسسۇم دامى
بىلەن ئوۋلار. ئەدەب ۋە ھايا يۈزىسىدىن ئەر-
نىڭ ھۇزۇرى گۈلزارىدا بىھۇدە سەير قىلىۋەر-
مەس، ئەرنىڭ تاپقىنىنى چاچماسلىققا ۋە سىر-
لىرىنى ئاچماسلىققا ھەرىكەت قىلۇر. ئەگەر،
كىشىگە بەخت مەدەتكار بولۇپ، ھەر تەرەپلىمە
كامالەتكە يەتكەن شۇنداق خوتۇنغا ئېرىشەلى-
سە، ئۇنداق خوتۇننى بېشىدا كۆتۈرگەي.

## قىرىق ئۈچىنچى نەسىھەت

ئەي مىللەتنىڭ ئائىلىدىكى ۋەكىلى بول-
غان ئەر، شۇنى بىلگىنكى، ئاقىلە خوتۇن ئۆز
ئېرىنىڭ ھەققىي ياردەمچىسىدۇر. پەرزەنتلى-
رىنىڭ بولسا ئەڭ ياخشى تەربىيىلىگۈچى-
سىدۇر. بۇنداق خوتۇن ئۆز ئېرىنىڭ سۆزلى-
رىنى ھېچ ۋاقىت يەردە قالدۇرماس ۋە مەن-
ستمەيدىغان ئىشلارنى قىلماس. ئۇنى ھەربىر
ئىشتا قوللاپ ـ قۇۋۋەتلەر. پايدىلىق ئىمكانى-
يەتلەر بىلەن تەمىنلەر. ئەمما، ئاقىلە خوتۇن
ئەرگە ئىتائەت قىلمىقى لازىم ئىكەن دەپلا، ئەر
باشلىغان ھەر قانداق قەبىھ يوللارغا يۈرۈۋەر-
مەس، ئەكسىچە ئۆز ئېرىنى يامان ۋە جىنايەت-
كە ئېلىپ بارىدىغان يوللاردىن قايتۇرۇر. ئا-
ئىلىنىڭ ئىناقلىقى ۋە پەرزەنتلەرنىڭ بەختى
ئۈچۈن بارلىقىنى سەرپ قىلۇر.

## قىرىق تۆتىنچى نەسىھەت

ئەي مىللەتنىڭ ئائىلىدىكى ۋەكىلى بول-غان ئەر، شۇنى بىلگىنكى، ئايال بىلەن مۇئا-مىلە ھەددىدىن ئوشۇق ياكى ھەددىدىن تۆ-ۋەن ئەمەس، ئادالەت بىلەن بولۇش كېرەك. تەربىيىلىك ئەر ئايالىغا گۈزەل مۇئامىلىدە بو-لۇش بىلەن بىرگە ئۆزىنىڭ ئۇلۇغۋارلىقىنى ھەم ساقلاپ قالۇر، ئۆزى ھۆرمەت قىلىش بىلەن ھۆرمەتكە ئېرىشىشىمۇ بىلەر. ئىشلىرى-دا ئايالى بىلەن مەسلىھەت قىلار، قەيەرگە بارسا بارىدىغان يېرىنى بىلدۈرۈپ قويار، شۇنداق قىلسا، تاسادىپەن بىرەر ھادىسە بو-لۇپ قالسا، خەۋەر بېرىشتە ئايالىغا قۇلايلىق بولۇر. ئېرىنىڭ مەسلىھەتى ۋە ئۆزىنى بىلدۈ-رۈپ يۈرۈشتىن رازى بولغان ئايال ئېرىنىڭ مۇھەببىتىدىن ئەمىن بولۇر، شۇنىڭغا مۇنا-سىپ ئۆزىمۇ ساداقەتلىك بولۇر.

## قىرىق بەشىنچى نەسىھەت

ئەي مىللەتنىڭ ئائىلىدىكى ۋەكىلى بول-
غان ئەر، شۇنى بىلگىنكى، نۇرغۇن ئىشلار
بىرى ـ بىرىدىن ئايرىلسا پايدىسىزدۇر. تەقۋا-
دارلىق ئىلىمدىن ئايرىلسا، يادلاش چۈشىنىش-
تىن ئايرىلسا، نەسەب ئەدەپ ـ ئەخلاقتىن
ئايرىلسا، خۇشاللىق تىنچلىقتىن ئايرىلسا،
دوستلۇق ساداقەتتىن ئايرىلسا، تىرىشچانلىق
مۇۋەپپەقىيەتتىن ئايرىلسا...

سەن يالغانچى ئاتالغاندىن كېيىن ھەر-
قانچە راست سۆزلىسەڭمۇ كىشىلەر سېنى يال-
غانچى دەپ قاراپ كەمسىتىدۇ. سەن بىلەن
بىر يەردە تۇرۇشنى خالىمايدۇ ھەم ئىشلىرىنى
سەندىن يوشۇرىدۇ. ھەممە ئىشتا سەندىن ھە-
زەر ئەيلەيدۇ، ھېچقاچان سېنى ئىشەنچلىك
دەپ قارىمايدۇ. مانا بۇ سېنىڭ كىشىلەرنىڭ
قەلبىدىكى ئەھۋالىڭ، تېخىمۇ يامىنى تەگرى-
نىڭ بۇ دۇنيادىكى جازاسىدۇر.

## قىرىق ئالتىنچى نەسھەت

ئەي مىللەتنىڭ ئائىلىدىكى ۋەكىلى بول-
غان ئەر، شۇنى بىلگىنكى، يەڭگىلتەك ۋە
مىكىر ساھىبەسى بولمىش ئايالغا سىر ئېيتقان
كىشىنىڭ ئىشى گويا ئوتقا پاختا تاشلاپ، ئۇ-
نىڭغا «كۆيمە!» دەپ بۇيرۇغان كىشىنىڭ ئى-
شىغا ئوخشايدۇ. باللارغا سىر ئېيتقان كىشى-
نىڭ ئىشى بولسا سۇغا كوزا تاشلاپ، ئۇنىڭغا
«چۆكمە!» دەپ بۇيرۇغان كىشىنىڭ ئىشىغا
ئوخشايدۇ. تەنتەككە سىر ئېيتقان كىشىنىڭ
ئىشى، خۇددى مۈشۈككە گۆش تاشلاپ بېرىپ
ئۇنىڭغا «يېمە!» دەپ بۇيرۇغان كىشىنىڭ ئى-
شىغا ئوخشايدۇ. بىرەر تاسادىپ تۈپەيلى بىر
كىمگە قارام ۋە بېقىندا بولۇپ قالغان كىشىگە
سىر ئېيتقان كىشىنىڭ ئىشى گويا ئىت ئالدىغا
سۆڭەك تاشلاپ، ئۇنىڭغا «غاجىلىما!» دەپ
بۇيرۇغان كىشىنىڭ ئىشىغا ئوخشايدۇ.

## قىرىق يەتتىنچى نەسىھەت

ئەي مىللەتنىڭ ئائىلىدىكى ۋەكىلى بول-
غان ئەر، شۇنى بىلگىنكى، يالغانچىلىق ۋە
بوھتان چاپلاش ئەخلاقنىڭ بۇزۇلۇشىدىن دې-
رەك بەرگۈچى پېئىللاردىندۇر. بۇ پېئىللار
ئەڭ قەبىھ پېئىللاردىن سانىلىدۇ. بۇنداق پې-
ئىل ساھىبلىرى ئادەملەر توغرىسىدا تۇرلۇك
- تۈمەن بىمەنە سۆز - چۆچەكلەرنى سۆز-
لەپ يۈرۈشىدۇ. يالغان بىلەن بوھتاننىڭ پەر-
قى شۇنداقكى، يالغانچى ئۆز ئىشلىرى توغرى-
سىدا يالغان سۆزلىسە، بوھتانچى باشقىلار
ھەققىدە يالغان گەپلەرنى تارقىتىپ يۈرىدۇ. بۇ
خىلدىكى ئادەملەر كىشىلەرنىڭ نام - ئابرويى-
غا، كەسىپ - كارىغا چېتىلىدىغان بىمەنە
سۆز - چۆچەكلەرنى تارقىتىش نەتىجىسىدە
كۆپچىلىكنىڭ غەزەپ - نەپرىتىگە ئۇچرايدۇ.

## قىرىق سەككىزىنچى نەسىھەت

ئەي مىللەتنىڭ ئائىلىدىكى ۋەكىلى بول-
غان ئەر، شۇنى بىلگىنكى، ئاياللار ئەڭ ئېغىر
بالالارغا سەۋر قىلىسمۇ ئۆز ھەقلىرىنىڭ پاي-
خان قىلىنغانلىقىغا رازى بولمايدۇ ۋە بۇنى
ئېغىر مەسخىرە ھېسابلايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن
ئايالنىڭ ھەققىنى پايمال قىلماسلىق كېرەك.
ئايالنىڭ ھەققى ئادا قىلىنسا، ئائىلىنىڭ شارا-
پىتى ساقلىنار ۋە ئايال شاد ھەم بىسالامەت
بولۇر. ئايالنىڭ ئىپپەتلىك بولۇشىنى ئىستى-
گەن ئەر ئەڭ ئاۋۋال ئۆزى ئىپپەتلىك بول-
سۇن. ئۆز ۋەزىپىسىنى بىلمىگەن كىشىنى ئەر
دېمەك توغرا ئەمەس. پاھىشىخانىلاردا يۈرگۈ-
چى، قىمار ئويناپ بايلىقى ۋە قىممەتلىك ئۆم-
رىنى نابۇت قىلغۇچى كىشىنىڭ ئائىلە باشلى-
قى بولمىقىدىن زەررىچە پايدا كۆرۈلمەس.

## قىرىق توققۇزىنچى نەسىھەت

ئەي مىللەتنىڭ ئائىلىدىكى ۋەكىلى بول-
غان ئەر، شۇنى بىلگىنكى، جاھاندا ياشاۋاتقان
كىشىلەردىن بىرمۇ ئارتۇقچىلىقى يوق ئادەم-
نىڭ بولۇش مۇمكىن ئەمەس، دەرۋەقە، مۇ-
كەممەل ئادەمنىڭ بولۇشىمۇ مۇمكىن ئەمەس.
ھاياتتا ھەممىشە بەزى ئىشلار كۆڭۈلدىكىدەك
بولۇپ كەتمەيدۇ، ئەمما بۇ ياراتقۇچىنىڭ
مەسئۇلىيىتى ئەمەس. بىز ئۆزىمىزنى تاشلى-
ۋەتسەك بولمايدۇ، ئۆزىمىزگە تېخىمۇ مۇكەم-
مەل بولۇش ئۈچۈن ئىنتايىن قاتتىق تەلەپ
قويۇۋالساقمۇ بولمايدۇ. ئادەم ئۆزىگە ۋە باشقى-
لارغا زىيادە يۇقىرى تەلەپ قويۇۋالسا، ھەممىشە
مۇكەممەل بولۇشقا ئىنتىلىپ، ئۆزىنى نۇقسانى-
سىز ئىش قىلىشقا مەجبۇرلىسا، ئۆزىنىڭ مۇ-
ۋەپپەقىيەت قازىنىشىغا توسقۇنلۇق قىلىدۇ،
مۇۋەپپەقىيەت ئېلىپ كېلىدىغان بارلىق خۇ-
شاللىقلاردىن ھۇزۇرلىنىشىغا پۇتلىكاشاڭ بولىدۇ.

## ئەللىكىنچى نەسىھەت

ئەي مىللەتنىڭ ئائىلىدىكى ۋەكىلى بول-
غان ئەر، شۇنى بىلگىنكى، بىر ئورۇندا ئىش-
لەۋاتقان خىزمەتداشلارنىڭ قەدىر ـ قىممىتى
ـــ راستچىللىق بىلەن ئىناق ئۆتۈشتە. چىد-
قىمچىلىق قىلىشقا، باشقىلارغا تۆھمەت قىلىشقا
ئۇستا ئادەملەر ئاساسەن تۈزگىنىدىن بۇزغىنى
جىق كىشىلەر. ئۇلارنىڭ چېقىمچىلىق قىلىشى
بىر خىل ئىقتىدارسىزلىقنىڭلا ئىپادىسى. ئادەم
بىلەن ئادەم ئوتتۇرىسىدا ئىشلىتىۋاتقان بىر
خىل «ھىيلە ـ نەيرەڭ» ھەر قانداق چاغدىمۇ
ئاشكارا ئوتتۇرىغا چىقالمايدۇ، ئۇلار باشقىلارغا
يوق يەردىن پۇتاق چىقىرىپ تۆھمەت قىلىدۇ.
ئۇلارنىڭ خەققە بۆھتان چاپلاپ زىيانكەشلىك
قىلىشى بىر بولسا ھەسەتخورلۇق، يامان نىد-
يەتتىن؛ بىر بولسا توپىلاڭدىن توقاچ ئوغرى-
لاپ ئەمەل تۇتۇشتىن كېلىپ چىقىدۇ.

## ئەللىك بىرىنچى نەسىھەت

ئەي مىللەتنىڭ ئائىلىدىكى ۋەكىلى بول-
غان ئەر، شۇنى بىلگىنكى، خوتۇن ئالماق
بولساڭ سۈرىتى، چىرايىغا قارىماي ئۇنىڭ
ياخشى خۇلقىغا قارا. ياخشى خۇلقلۇق بىر
خوتۇن يولۇقسا، ئۇنى بايلىق كۆرگىن. تىلى
تاتلىق خوتۇن ئۆلۈپ كەتسمۇ، ئۇ، بايلىقنىڭ
ئۇرۇغى بولۇپ قېلىۋېرىدۇ. يامان سۆزلۈك
خوتۇن ھەر قانچە گۈزەل بولسىمۇ، ئۇ، جې-
نىڭغا بالا — قازادۇر. خوتۇننىڭ يامنى شەي-
تاننىڭ قامچىسىدۇر. قولۇڭنى ئىبادەتتىن باغ-
لاپ، گۇناھ دەرياسىغا چۆمدۈرگۈچىدۇر. ئۇ،
ئىككى دۇنيانىڭ دوزىقىدۇر. بۇنداق خوتۇننى
قويۇۋەت، سەندىن بۇرۇنراق كەتسۇن. ئۇ
كەتمىسە سەن ئۆزۈڭ بېشىڭنى ئېلىپ كەت.
ئۆزۈڭگە بۇ تاغدەك ئېغىر يۈكنى يۈكلەپ
يۈرمە، ئۇنىڭدىن خالاس بول.

## ئەللىك ئىككىنچى نەسىھەت

ئەي مىللەتنىڭ ئائىلىدىكى ۋەكىلى بول-غان ئەر، شۇنى بىلگىنكى، كۆڭلى ئايالىغا باغلانغان كىشى ئۆمرىنى ناباب يەرلەردە ئۆت-كۈزۈش ئەمەس، ھەتتا ئادەتتىكى سورۇنلاردا ئىسراپ قىلىشنىمۇ خالىمايدۇ. ئۇنىڭ بارلىق راھىتى ۋە سەرپ - خىراجىتى ئۆز ئائىلىسى-دىكى زۆرۈر نەرسىلەر ئۈچۈن بولىدۇ. ئورۇن-سىز يەرلەردە يۈرۈپ سالامەتلىكىنىڭ ئاساسى بولغان ئۇيقۇسىدىن قالمايدۇ ۋە بەدىنىنىڭ قۇۋۋىتىنىمۇ زايە قىلمايدۇ. شۇ سەۋەبتىن ئا-يالىنىڭ گۈزەل ئىتقادى ئىرىنىڭ ئالدىدا مەھ-كەم بولىدۇ. ھىمايىچىم ۋە پاكىز ئىرىم دېگەن ئىتقادنى ئايالىنىڭ كۆڭلىدە شەكىللەندۈرۈش لەززىتىنى، ئىپپەتلىك ئەر بولماقلىقنىڭ ۋە ھا-مىيلىقنىڭ بۈيۈك بىر مەرتىۋە ئىكەنلىكىنى بى-لىدۇ، شۇنداقلا ساپ ھەم ئىپپەتلىك ھامىي ئەر بولىدۇ.

## ئەللىك ئۈچىنچى نەسىھەت

ئەي مىللەتنىڭ ئائىلىدىكى ۋەكىلى بول-
غان ئەر، شۇنى بىلگىنكى، ئەقىللىق ۋە نىيىتى
دۇرۇس ئەر ئائىلىگە پۈتۈن دۇنياسىنى بېغىشلاي-
دۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ھېچقاچان ئۆيىدىنى
نابۇت قىلماي، جېنىنى پىدا قىلىدۇ. ئائىلىنى
يامان پىكىرگە ئېلىپ كېلىدىغان ئىشنى قىل-
مايدۇ. تەربىيىلىك ئائىلىگە ئەر بولغان ئادەم
ئائىلىنى تالاق قىلىدىغان ياكى ئۇنىڭ ئۈستىگە
يەنە بىر خوتۇن ئېلىپ مەئىشەت تەرتىپىنى
بۇزىدىغان ئىشلارنى قىلمايدۇ. ئەمما بولغۇسى
ئائىلىنىڭ تەربىيىلىك ياكى ئەمەسلىكىنى، مۇ-
لايىم ياكى ئەمەسلىكىنى، جەزىبىلىك ياكى ئە-
مەسلىكىنى بىلىش ئاسان ئەمەس. بۇ يەردىكى
مۇھىم مەسىلە بولغۇسى ئائىلىنىڭ تەربىيىسىنى
بىلىش بولۇپ، سىرتقى گۈزەللىكىنى بىلىش
ئىككىنچى ئورۇندىكى ئىشتۇر.

## ئەللىك تۆتىنچى نەسىھەت

ئەي مىللەتنىڭ ئائىلىدىكى ۋەكىلى بول-
غان ئەر، شۇنى بىلگىنكى، بىز ئەڭ چوڭ
تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، ئۆزىمىزنىڭ ئەۋزەل-
لىكىنى ئەڭ ياخشى جارى قىلدۇرالايدىغان
خىزمەتنى تاللىشىمىز ھەمدە يېڭى شەيئىلەرنى
سىناپ بېقىشقا جۈرئەت قىلىپ، ھاياتنىڭ يو-
شۇرۇن كۈچىنى جاسارەت بىلەن قويۇپ بېرى-
شىمىز كېرەك. ئەمەلىيەت شۇنى ئىسپاتلىدى-
كى، ئەگەر بىر ئادەم ئۆزىنىڭ يوشۇرۇن كۈ-
چىنى تولۇق جارى قىلدۇرالىسا، ھەممىلا ئىش-
نى دېگۈدەك ۋۇجۇدقا چىقىرالايدۇ. ناۋادا بىر
ئادەم ھەمىشە ئۆزىدىن گۇمانلانسا، ئىككىلەن-
سە، پۇرسەت بارغانسېرى ئازىيىدۇ، ھەمىشە
ئۇنىڭ بىلەن سۈركىشىپلا ئۆتۈپ كېتىدۇ،
مۇۋەپپەقىيەت دائىم يىراقلاپ كېتىدۇ، ئاخىرى
ھەممىدىن قۇرۇق قالىدىغان ئەھۋالدىن قۇتۇ-
لالمايدۇ.

## ئەللىك بەشىنچى نەسىھەت

ئەي مىللەتنىڭ ئائىلىدىكى ۋەكىلى بول-غان ئەر، شۇنى بىلگىنكى، قۇرۇق گەپ بىلەن مەسىلىنى ھەل قىلغىلى بولمايدۇ، ئەستايىدىل-لىق بىلەن تىرىشىپ ئىشلەشلا بارلىق مەسى-لىنى ھەل قىلىشنىڭ بىردىنبىر يولى. كىشى-لىك ھاياتتىكى بەخت ھەمىشە ئىزدىنىۋاتقان نىشاننىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇشى ئۈستىگە قۇرۇلىدۇ. ھالبۇكى ھەر قانداق مۇۋەپپەقىيەت ۋە بەختنىڭ قولغا كېلىشى كۆپىنچە تىرىشچان-لىقتىن باشلىنىدۇ. كۆرۈنۈشتىكى بايلىقتىن بەھرىلىنىش بىر مەھەللىكلا بولىدۇ، ئىشەنچى-سىز بولىدۇ. ھەممىدىن ئىشەنچلىكى مەڭگۈ ئۆزىمىزگە تەۋە بولغان بىلىم، سەنئەت، تېخ-نىكا قاتارلىق ئېرىشكەن ئەمەلىي بايلىقلار، مانا بۇ باشقىلار ئۆمۈرۋايەت تارتىۋالالمايدىغان نەرسىلەر. ئەمما بۇ كىشىلىك ھايات بايلىقلى-رىغا تىرىشچانلىقتا تايانغاندا ئاندىن ئېرىشكى-لى بولىدۇ.

## ئەللىك ئالتىنچى نەسىھەت

ئەي مىللەتنىڭ ئائىلىدىكى ۋەكىلى بول-
غان ئەر، شۇنى بىلگىنكى، ھەر قانداق بىر
ھۈنەرنى ئۆگىنىۋالسىڭىز، نېمىلا ئىش قىلسى-
ڭىز داڭقىڭىزنى چىقىرالايسىز، بىرەر ھۈنەرنى
پىششىق بىلىۋالسىڭىزلا، ئۆزىڭىزگە خوجا بو-
لالايسىز. كونىلار «مال ـ دۇنيالىق بولغىچە،
ھۈنەرلىك بول» دەپتىكەن، بۇ ئەڭ ئاددىي،
ئەڭ چىن ھەقىقەت. ھازىرقى جەمئىيەتتە رىقا-
بەت كەسكىن، بىرەر ھۈنەرنى پىششىق بىلى-
ۋالمىسىڭىز، جاھاندا پۇت دەسسەپ تۇرۇشى-
ڭىز ناھايىتى تەس. بەزىلەر ھەمىشە بىرەرنى
ئارتۇق ئۆگىنىۋالغىنىڭ ئۆگىنىۋالغان دەپ قا-
راپ، ھەربىر ھۈنەردىن ئازراقتىن بىلىۋالىدۇ،
نەتىجىدە «ھەممىنى بىلىدۇ، ھەممىنى چالا
قىلىدۇ» . ئازغىنە بىلىدىغان نۇرغۇن ماھارىتى-
ڭىز ھەمىشە مۇھىم پەيتلەردە ئەسقاتمايدۇ،
لېكىن پۇختا ئۆگىنىلگەن ھەقىقىي ئىقتىدارىڭىز
سىزگە مۇۋەپپەقىيەتنىڭ تاڭ نۇرىنى كۆرسىتىدۇ.

## ئەللىك يەتتىنچى نەسىھەت

ئەي مىللەتنىڭ ئائىلىدىكى ۋەكىلى بول-
غان ئەر، شۇنى بىلگىنكى، ھەربىر ئادەمنىڭ
ئۆزىگە چۇشلۇق ئەۋزەللىكى ۋە ئارتۇقچىلىق
بولىدۇ، ئەمما بىز ئۆزىمىزنىڭ ئەۋزەللىكى ۋە
ئارتۇقچىلىقىغا توغرا مۇئامىلە قىلىشىمىز لازىم.
ئۆزىمىزنىڭ چىرايلىقلىقى، باشقىلاردىن تۇر-
مۇشىمىزنىڭ ئەۋزەللىكى دېگەندەك سەۋەبلەر
تۈپەيلىدىن، ئۆز ئارتۇقچىلىقلىرىمىزنى ھەددى-
دىن زىيادە مۇھىم بىلىپ كەتمەسلىكىمىز كې-
رەك. مۇنداق قىلساق ئۆزىمىزنى ھەر ۋاقىت
بىر خىل ئەۋزەل ھالەتتە تۇرىدىغان قىلىپ
قويىمىز، ھەتتا تەرەققىي قىلىپ ئۆزىمىزگە
يوك قىلىۋالىمىز، شۇنىڭ نەتىجىسىدە ئۆزى-
مىزنىڭ خىزمىتى ۋە ئىجتىمائىي ئالاقە پائالى-
يىتىگە زورۇرىيىتى يوق ئاۋارىگەرچىلىكلەرنى
تېپىۋالىمىز. ئادەم ئەلۋەتتە، ئۆزىنىڭ ئارتۇق-
چىلىقى ۋە ئەۋزەللىكىنى قەدىرلىشى كېرەك،
ئەمما بۇنىڭ چوقۇم «چېكى» بولۇشى لازىم.

## ئەللىك سەككىزىنچى نەسىھەت

ئەي مىللەتنىڭ ئائىلىدىكى ۋەكىلى بول-
غان ئەر، شۇنى بىلگىنكى، تۇرمۇشتا قانچى-
لىك ئادەمنىڭ ئۆمۈر بويى ناموۋاپىق ئىش
قىلىش تۈپەيلىدىن مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغانلى-
قىنى بىلىپ بولمايدۇ. بۇ مەغلۇبىيەتچىلەرنىڭ
بىر مۇنچىسى ئىشنى ناھايىتى ئەستايىدىل قى-
لىدۇ، كىشىگە گويا مۇۋەپپەقىيەت قازانغاندەك
تۇيۇلىدۇ، لېكىن ئەمەلىيەتتە قاتتىق مەغلۇب
بولىدۇ، نېمىشقا شۇنداق بولىدۇ؟ بۇنىڭ سە-
ۋەبى شۇ يەردىكى، ئۇلار تىرىشۋاتقىنىغا ئۇزۇن
زامانلار بولغان، ئەمما قاقاسلىشىپ كەتكەن
يېرىدىن ۋاز كېچىشكە، مۇنبەت ۋە كۆپ مەھ-
سۇلاتلىق دالىنى يېڭىۋاشتىن ئىزدەپ تېپىشقا
جۈرئەت قىلالمايدۇ، شۇڭا قاراپ تۇرۇپلا ئۆ-
زىنىڭ نۇرغۇن كۈچ ـ قۇۋۋىتىنى بىكاردىن
بىكار ئىسراپ قىلىپ، قىممەتلىك ۋاقتىنى خو-
رىتىۋېتىدۇ، ئەمما ئىلگىرىكىدەكلا ھېچقانداق
ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرالمايدۇ.

## ئەللىك توققۇزىنچى نەسىھەت

ئەي مىللەتنىڭ ئائىلىدىكى ۋەكىلى بول-
غان ئەر، شۇنى بىلگىنكى، ئائىلە مىللەتنىڭ
مۇقەددەس قورغىنى. ئۇ مىللەتنىڭ ياتلىشىپ
كېتىشىنى، تىل ـ يېزىقىنى ئۇنتۇشىنى، ئادەت
ۋە ئەنئەنىسىنى تاشلىۋېتىشىنى، تەلىم ۋە مەدە-
نىيەتتە تۇترۇقسىز بولۇپ قېلىشىنى توسايدى-
غان ئۇلۇغ مۇرەببى. ئائىلە ـ مۇھەببەت ۋە
ئىقتىسادىي تۇرمۇش بىلەنلا چەكلەنمەيدىغان،
غايەت زور تارىخىي جاۋابكارلىقنى ئۈستىگە
ئالغان ئىتتىك ئىجتىمائىي قاتلام، مۇھەببەت
گۈلى ئاقىلانە، مەدەنىيەتلىك ئائىلە بېغىدىلا
ئېچىلىشى، مېۋىلىشى مۇمكىن. بۇ گۈلنىڭ
بەرق ئۇرۇشى سىنىڭ ئەرلىك مەسئۇلىيىتىڭ
تەرىپىدىن روياپقا چىقىدۇ، سەن ئەرلىك مەس-
ئۇلىيىتىڭنى ئۇنتۇساڭ، ئائىلە بېغىنى شۇمبۇيا
قاپلايدۇ.

## ئاتمىشىنچى نەسىھەت

ئەي مىللەتنىڭ ئائىلىدىكى ۋەكىلى بول-غان ئەر، شۇنى بىلگىنكى، «ئائىلە بەختى — خوتۇن قولىدا» ، خوتۇن گادايلىققا قارشى ئەسكەر، ئۇنىڭ بىرىنچى ۋەتىنى ئائىلە. خو-تۇن زىددىيەتلەرنى ياراشتۇرغۇچى سۇلھچى ۋە قازى، نەسىھەتچى ئۇستاز. «ئۇنىڭ ئىبادى-تى تىرىشچانلىق، ئىلمى ئائىلىنى ھەربىيلەرچە مۇنتىزىم ـ ئىدىتلىق تۇتماق، قورالى قايچە بىلەن يىڭنە» . خوتۇن ئائىلە چىرىغى، روھ-يەت بېغى، مەپتۇنكارلىق گۈلى. بەخت، ھەتتا ئائىلە بەختى ئەقىل بىلەن بىلىمگە باغلىق. ئائىلە بەختى ئەرنىڭ بىلىمگە ئەمەس، خو-تۇننىڭ ئەقلى ـ بىلىمگە باغلىق. ئۇنىڭ زىننىتى پەزىلەت، قۇدرىتى بىلىم بىلەن ئە-قىل. ئەقىلسىز خوتۇن بىلىملىك ئەرنىڭ ھالا-كەت زىندانى. ئائىلىدە، خوتۇن ئالدىدا بەختسىز ئەر، ھېچ جايدا بەختلىك بولالمايدۇ.

## ئاتمىش بىرىنچى نەسىھەت

ئەي مىللەتنىڭ ئائىلىدىكى ۋەكىلى بول-
غان ئەر، شۇنى بىلگىنكى، «خوتۇن —
مىللەتنىڭ خۇداسى» ، «خوتۇنلىرى تەربىيە
كۆرگەن مىللەت خەلقى باي، كۈچلۈك مىل-
لەتتۇر» ، «خوتۇنلارنى بىلىملىك قىلىش پۈ-
تۈن مىللەتنىڭ خىزمىتى» ، «بۇزۇلۇشقا قار-
شى كۈرەشنىڭ مۇھىم بىر سىپپى» . قەيەردە،
قايسى مىللەتنىڭ قىز - ئايالىرى بىلىملىك،
قاتتىق قول، تەلەپچان بولسا، شۇ يەردە ئۆس-
مۈرلەر بىلەن ئەرلەر كارغا يارايدىغان ھەقى-
قىي كىشىلەردىن بولۇپ يېتىشىدۇ. ۋەھالەن-
كى، بۇنداق مۇنەۋۋەر قىز - ئاياللار تۈركۈمى
پۈتۈن جەمئىيەتنىڭ ئېتىبارى ۋە غەمخورلۇقى
شەرتى ئاستىدىلا شەكىللىنىشى مۇمكىن. بۇ
مەنىدە «مەدەنىيەت دەرىجىسى ئاياللارغا تۇ-
تۇلغان مۇناسىۋەتتە ئۆلچىنىدۇ» (گوركى) .

## ئاتمىش ئىككىنچى نەسىھەت

ئەي مىللەتنىڭ ئائىلىدىكى ۋەكىلى بول-غان ئەر، شۇنى بىلگىنكى، خوتۇن ئەرنىڭ تايانچىسى، ئۆمۈردە ئىزدىگىنى، ئارزۇ قىلغىنى ۋە ئېرىشكىنى. خوتۇن ئەرنى ئۆستۈرۈشى، قېرىتىشى مۇمكىن. تارىختا ئۆز مەھبۇبى ئۈ-چۈن ئاشقلىق داستانى ياراتقان يىگىت - ئەركەكلەر، ئۆز مەھبۇبى ئۈچۈن قەھرىمانلىق كۆرسىتىپ جەڭلەردە قۇربان بولغان ئەرلەر نۇرغۇن. ئوخشاشلا، ئۆز خوتۇنىنىڭ ساتقۇن-لۇقىدىن، ئىپپەتسىزلىكىدىن، سۆرەلمىلىكى-دىن، پىتنىخورلۇقىدىن، ئاچ كۆزلۈكىدىن، زالىملىقىدىن، بىپەرۋالىقىدىن، دەرغەزەپلىكى-دىن، نادانلىقىدىن، تەنتەكلىكىدىن ھېچبىر ئىشى يۈرۈشمەي، كۆڭلى ئېچىلماي، خارلىق، مەينەتچىلىك، نادامەت ئىچىدە نەس بېسىپ يۈرگەن ئەرلەر ئازمۇ؟!

## ئاتمىش ئۈچىنچى نەسىھەت

ئەي مىللەتنىڭ ئائىلىدىكى ۋەكىلى بول-
غان ئەر، شۇنى بىلگىنكى، ياخشى ئاتا بولۇش
ئۈچۈن ياخشى ئەر بولۇش شەرت. ياخشى ئەر
بولۇش ئۈچۈن ياخشى ئەركەك ـ ياخشى
ئىنسان بولۇش تەلەپ قىلىنىدۇ. ۋەھالەنكى،
ھەممە ئەركەكلەر ئۇلار ئارزۇ قىلغاندەك ياخ-
شى ئەر ۋە ياخشى ئاتا بولۇشى ناتايىن. ئېيى-
تىش كېرەككى، ياخشى ئەر بولۇش، ئەر
جىنسىنىڭ ياش، تەمبەل، كېلىشكەن بولۇشى-
نىمۇ، ياكى قەھرى ـ غەزەپلىك، ئىتتىك ۋە
ھەرىكەتچان بولۇشىنىمۇ ۋە ياكى قول ـ ئىل-
كى ئۇزۇن، كەڭ خىراجەت بولۇشىنىمۇ، ياكى
سۆزمەن، ئويۇنپەز، زېرىكتۈرمەس بولۇشىنىمۇ
ئاساسىي شەرت قىلمايدۇ. ياخشى ئەر بولۇش
ئائىلىدە خوتۇنغا نىسبەتەن، ئائىلە ئىچى ـ
سىرتىدىكى ئەرلىك زۆرۈرىيەتلىرىگە نىسبەتەن
يۇقىرى ئاڭ، قىزغىنلىق، مەجبۇرىيەت ۋە ئۆ-
تۈملۈك ئەر ئوبرازىغا مۇۋاپىق بولۇش دېمەكتۇر.

## ئاتمىش تۆتىنچى نەسھەت

ئەي مىللەتنىڭ ئائىلىدىكى ۋەكىلى بول-غان ئەر، شۇنى بىلگىنكى، ئەر ھۆكۈمران بولۇش ئۈچۈن ئائىلە تۇتمايدۇ. ئەرنىڭ ئايالغا نىسبەتەن مۇناسىۋىتى بىر ئەركەكنىڭ ئايالىنى ھەممە جەھەتتە، ئەڭ ئالدى بىلەن ئۇنىڭ ئائىلە ۋە جەمئىيەتتىكى ئىنسانىي قەدىر - قىممىتىنى خاتىرجەم قىلىش، قانائەتلەندۈرۈش مۇناسىۋىتىدۇر. ۋەھالەنكى، ئۆزىنىڭ قەدىر - قىممىتى ۋە ئۇنىڭ باھا - قىممىتى، ئۆزىنى ئاجىزە، ئايال سانايدىغان ھەر قانداق ساغلام ئايال جىنسىنىڭ بىرىنچى دىققەت مەركىزىدىكى بىرىنچى ئۆزلۈك تۇيغۇس...ن ئىبارەت. ئەر-لىك، دەل مۇشۇ تۇيغۇ تارازىسىدا ئۆلچىنىش-تىن ئىبارەت. ئەرلىك، دەل مۇشۇ تۇيغۇ تارا-زىسىدا ھاسىل بولغان رازىمەنلىك ۋە قانائەت-تىن كېلىدۇ.

## ئاتمىش بەشىنچى نەسىھەت

ئەي مىللەتنىڭ ئائىلىدىكى ۋەكىلى بول-
غان ئەر، شۇنى بىلگىنكى، ئەرلىكنى كۆز -
كۆز قىلىش، ئەرلىك ئۇستۇنلۇكى غۇرۇرى
ئۇچۇن ئايالنىڭ قەدىر - قىممىتىنى سۇندۇ-
رۇش، كۈچ ۋە تىل ئارقىلىق، ئىقتىسادتا قامال
ۋە بېقىندۇرۇش ئارقىلىق ئەرلىك ھاكىمىيەت-
لەقلىقى، ئايالنىڭ قورقۇپ - تىترەپ تۇرۇ-
شىنى خالاش، بۇ ماھىيەتتە ئەرلىك، ئەركەك-
لىك شان - شۆھرىتىنى ئۆز - ئۆزىدىن
يەرگە ئۇرۇش ھېسابلىنىدۇ. تەبىئەت ئەركەك-
كە ئۇنى زوراۋان، ۋەھشىي قىلىش ئۇچۇن
كۈچ، بەست ۋە تىل ئاتا قىلغان ئەمەس.
دۇنيادا كۆڭۈلدىكىدەك ئەر ۋە خوتۇن بولۇشى
ئاز ئۇچرايدۇ. ئادەم جانلىق ۋە ئۆزگىرىپ
بارىدىغان نەرسە. ھەر كىمنىڭ ئۆز كۆڭلى ۋە
تىكىنى، ئۆز ئەۋزەللىكى ۋە نۇقسانلىرى بولىدۇ.

## ئاتمىش ئالتىنچى نەسىھەت

ئەي مىللەتنىڭ ئائىلىدىكى ۋەكىلى بول-
غان ئەر، شۇنى بىلگىنكى، ئايالىلار ئۆز ئېرد-
دىن ئۆزىنى ئائىلىۋى تۇرمۇشنىڭ ھەممە تە-
رەپلىرىدە بىرىنچى ۋە مەركىزى ئورۇنغا قويۇپ
ئويلىشى، غەمخورلۇق قىلىشىنى ئۈمىد قىلىدۇ،
بۇ تەبىئىي توغۇ. ئەگەر ئەر ئائىلىدە ھەقىقىي
سىمۋول بولماستىن، پاسىق ئايالىنىڭ ئويۇنچۇ-
قى، ساختا نىقابى، ھاقارەتلەش ئوبىيكتى بو-
لىدىغان ئەھۋال يۈز بېرىپ قالسا، گەرچە
كەمدىن ـ كەم بولسىمۇ، ئائىلە شەنىگە ئېغىر
داغدۇر. بۇنداق ئائىلىدىكى خوتۇن پەرزەنتد-
نى، ئۆزىنى، ئېرىنى قېيىقا سىلىپ ھالاكەت
گىردابىغا ھەيدىگەن كىشىگە ئوخشايدۇ. ئۇ-
نىڭ كەينىدە پاجىئە ئاقىۋەتلىك تۇرمۇشنىڭ
ئىز بېسىپ كېتىۋاتقانلىقىغا گۇمانلانماسلىق
كېرەك.

## ئاتىمىش يەتتىنچى نەسىھەت

ئەي مىللەتنىڭ ئائىلىدىكى ۋەكىلى بول-
غان ئەر، شۇنى بىلگىنكى، ئاتا — ئائىلە،
خوتۇن، پەرزەنتنىڭ غەمگۇزارى. ئۇنىڭ تو-
مۇرىدا قان، خىيال - زىھنىدە پەرزەنت تەلپۈ-
نىدۇ. ئاتىلىق مېھرى ئاتىغا خاس تەلەپ، پىكىر
- تۇيغۇ، چىدام بىلەن يۇغۇرۇلغان شەپقەت
ۋە مۇھەببەت بولۇپ، ئۇنىڭغا پەقەت ئانىلىق
مېھرىنىلا تەڭلەشتۈرۈش مۇمكىن. ئاتىلىق
مېھرى سۆكۈتچان، جىم - بىزۇۋان، زىھىندار
شۇنداق مېھىر - مۇھەببەتكى، ئۇ كۆز يېشى
ئېقىپ يېنىپ تۇرىدىغان شامغا ئەمەس، بەلكى
مەشئەلگە ئوخشاپ كېتىدۇ. ئەر — ئائىلىنى
ئۆزىنىڭ يورۇق دۇنيادا جەمئىيەتكە يۆلىنى-
دىغان بارگاھى، قورغىنى ۋە بازىسى دەپ
بىلىشى، ئائىلە توغرىسىدىكى ھەر تەرەپلىمە
تەربىيىگە ئىگە قىلىش لازىم.

## ئاتمىش سەككىزىنچى نەسىھەت

ئەي مىللەتنىڭ ئائىلىدىكى ۋەكىلى بول-
غان ئەر، شۇنى بىلگىنكى، باشقىلارغا توغرا
مۇئامىلە قىلالمايدىغانلىكى ئادەم، چوقۇم ئۆ-
زىگىمۇ توغرا مۇئامىلە قىلالمايدۇ. باشقىلارنىڭ
نەتىجە يارىتىپ داڭقى چىققانلىقىنى كۆرسە،
ئۇ قانچىلىك ئىشتى، دەپ قارايدۇ، ھەتتا تۆر-
لۈك چارە ـ تەدبىرلەر بىلەن باشقىلارنى كەم-
سىتىدۇ؛ باشقىلارنىڭ ئۆزىگە يەتمەيدىغانلى-
قىنى بايقىسا، يەنە مەسخىرە قىلىدۇ، باشقىلار-
نى چۈكۈرۈش ئارقىلىق ئۆزىنى كۆتۈرىدۇ؛
ئۇلار ھەممىلا يەردە باشقىلاردىن ئۆزىگە ھۆر-
مەت قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ، ئەمما ئۆزى باش-
قىلارغا ھۆرمەت قىلمايدۇ؛ زور مەسىلىلەرنى
بىر تەرەپ قىلىشتا، ئۆز ھېسسىياتى بىلەن
ئىش قىلىدۇ، بىلگەن مۇقامىغا تووۋلايدۇ، قارد-
سىغىلا ھۆكۈم قىلىدۇ.

## ئاتمىش توققۇزىنچى نەسىھەت

ئەي مىللەتنىڭ ئائىلىدىكى ۋەكىلى بول-
غان ئەر، شۇنى بىلگىنكى، قەيسەر ئادەم مۇ-
ھىت قانچە قىستىغانسېرى شۇنچە باتۇرلۇق
قىلىدۇ، تىترىمەيدۇ، غەم ـ ئەندىشىدە ئىككى-
لىنىپ قالمايدۇ، مەيدىسىنى كېرىپ تۇرىدۇ،
قەتئىي ئىرادىلىك بولىدۇ، ھەر قانداق جاپا ـ
مۇشەققەتكە تاقابىل تۇرۇشقا جۈرئەت قىلىدۇ،
ھەر قانداق بەختسىزلىكنى مەنسىتمەيدۇ، ھەر
قانداق ئوڭۇشسىز ئەھۋالنى كۆزىگە ئىلماي
كۈلەلەيدۇ. چۈنكى مۇھتاجلىق، ئازاب ـ ئو-
قۇبەت ئۇنىڭغا قىلچە زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ.
ئەكسىچە، ئۇنىڭ ئىرادىسىنى كۈچەيتىدۇ، خا-
راكتېرىنى تاۋلايدۇ، ئۇنى قالتىس ئادەمگە ئاي-
لاندۇرىدۇ. بۇ ھەقىقەتەن جاھاندىكى كىشى-
لەر ئەڭ قايىل بولىدىغان، ئەڭ ھەۋەس قىلى-
دىغان بىر خىل ئادەملەر.

## يەتمىشىنچى نەسىھەت

ئەي مىللەتنىڭ ئائىلىدىكى ۋەكىلى بول-
غان ئەر، شۇنى بىلگىنكى، ئەگەر سەن خۇ-
شاللىقنى ئەتىگەن تۇرغان چېغىڭدىكى ساپ
ھاۋا، بىر ۋاقلىق مول كەچلىك تاماق، بىر
سەمىمىي سالام دەپ قارىساڭ، ئۇنداقتا تىل-
گەنلىرىڭنىڭ ھەممىسىنى قىينالمايلا تېپىۋالا-
لايسەن، خۇشاللىقمۇ ھەر ۋاقىت يېنىڭدا پەيدا
بولىدۇ. بۇ خۇشاللىقلار ئەمەلىيەتتە تۇرمۇشى-
مىزنىڭ ئەتراپىدا. قەلبىڭدە خۇشاللىق بول-
سىلا شۇنداق قىلالايسەن. ھەربىر ئادەم ئۆزد-
نىڭ پېشىكا دوختۇرى، ئۆزۈڭنى قانچىلىك
چۈشەنمەكچى بولساڭ ئالدى بىلەن ئىشنى
ئۆزۈڭنى كۆزىتىشتىن باشلا!

## يەتمىش بىرىنچى نەسىھەت

ئەي مىللەتنىڭ ئائىلىدىكى ۋەكىلى بول-غان ئەر، شۇنى بىلگىنكى، ھەر قانداق ۋاقىت — ئۆزۈڭنى كۆزىتىش، ئۆزۈڭنى چۈشىنىش، خۇشاللىق يارىتىشنىڭ ئەڭ ياخشى پۇرسىتى. خۇشال ياشاش - ياشىيالماسلىق — پۈتۈنلەي ئۆزۈڭنىڭ ئەتراپىدىكى ئادەم، ئىش، نەرسى-لەرگە بولغان كۆز قارىشىڭغا باغلىق. ئەگەر ئويلىغانلىرىڭنىڭ ھەممىسى خۇشاللىق بولسا، ئۇنداقتا سەن خۇشاللىق بەرپا قىلغان بولى-سەن. مۇنداق روھىي ھالەتنى ساقلاش سىنى ھەر قانداق جاپا - مۇشەققەتتىمۇ خۇشاللى-نىشقا ئەرزىيدىغان يەرنى تېپىۋالالايدىغان قى-لىدۇ ھەمدە ئۈمىدسىزلىكنى ئۈمىدكە ئايلان-دۇرىدۇ.

## يەتمىش ئىككىنچى نەسىھەت

ئەي مىللەتنىڭ ئائىلىدىكى ۋەكىلى بول-
غان ئەر، شۇنى بىلگىنكى، شەخسىيەتچىلىك
ئادەمنىڭ تەبىئىتى. بولۇپمۇ مەنپەئەت ئالدىدا
بەزىلەر مۇنداق تېگى پەسلىكنى تېخىمۇ تولۇقد-
تەلمەيدۇ. شەخسىي مەنپەئەت كۆچىيىپ كەت-
سە، ئەقىلنى خىرەلەشتۈرىدۇ، ھەممە ۋاقىت،
ھەممە جايدا ئۆزىنى مەركەز قىلىش، باشقى-
لارغا زىيان سېلىش ھېسابىغا ئۆزىنى بېيىتىش
خۇشاللىق بىلىندۇ؛ ئادەم ھەممە ئىشتا ئۆزى-
نىلا ئويلىسا، بىرەر ئارزۇسىنى قانائەتلەندۈ-
رۈش جەريانىدا باشقىلارنىڭ مەنپەئىتىگە زى-
يان سېلىشتىن ئايانمىسا، مۇنداق ئادەم ئۆزى
ماددىي جەھەتتىن، ھوقۇق جەھەتتىن ۋە ئاب-
روي جەھەتتىن ئازراقلا نەپكە ئېرىشىدۇ، لې-
كىن بۇنىڭغا ئار ـ نومۇسى ۋە ۋىجدانىنى
بەدەل قىلىپ تۆلەيدۇ، بۇ ئادەم ئۈچۈن ئەڭ
چوڭ زىيان، مەڭگۈ قايتۇرۇۋالالمايدىغان زى-
يان.

## يەتمىش ئۈچىنچى نەسىھەت

ئەي مىللەتنىڭ ئائىلىدىكى ۋەكىلى بول-
غان ئەر، شۇنى بىلگىنكى، ئەمەلىي ھەرىكەت
بىلەن ياردەم بېرىشكە ھاجەت چۈشكەندە،
قانداقتۇ ھەر قانداق ياخشى گەپ قىلىشنىڭ
قىلچە پايدىسى بولمايدۇ. ئېسىڭىزدە بولسۇن-
كى، مىڭلارچە قۇرۇق گەپتىن بىر ئەمەلىي
ھەرىكەت ھەممىدىن ئەلا. بەزى چاغدا،
دوستلار قىيىنچىلىققا ئۇچرىسا، ئۇلارغا ياخشى
- سۆزلەر بىلەن كۆڭۈل بۆلۈش زۆرۈر. ئەمما
ياخشى سۆز ھەممە مەسىلىنى ھەل قىلالمايدۇ،
مەسىلەن، دوستىڭىز دەرياغا چۈشۈپ كەتسە،
سىز قىرغاقتا تۇرۇپ چىرايلىق گەپلەرنىڭ
ھەممىسىنى قىلسىڭىزمۇ ئۇنى قۇتقۇزۇپ چى-
قالمايسىز، بۇ چاغدا ھەقىقىي تۇردە قول سې-
لىپ ھەرىكەت قىلىشقا توغرا كېلىدۇ، شۇنداق
قىلسىڭىزلا ئاندىن دوستىڭىزنى خەۋپ - خە-
تەردىن قۇتۇلدۇرالايسىز.

## يەتمىش تۆتىنچى نەسىھەت

ئەي مىللەتنىڭ ئائىلىدىكى ۋەكىلى بول-
غان ئەر، شۇنى بىلگىنكى، ئۇلۇغ زاتلار بىرەر
ئوي - پىكىر تۇغۇلۇشى بىلەنلا ئۇنىڭغا ھايا-
جانلىنىپ كەتمەيدۇ. ئېھتىياتچانلىق ئۆزى
ئۇستىدە ئويلاشتا، يەنى ئۆزۈڭنىڭ مىجەزىنى
بىلىپ ياكى ئالدىن پەملەپ، ئۇنىڭغا قارشى
يول تۇتۇشتا. شۇنداق قىلغاندا، كىشىلەرنىڭ
قۇۋلۇقى بىلەن تەبىئىي خۇسۇسىيىتىنى ئۆز
ئارا تەڭپۇڭلاشتۇرۇشقا بولىدۇ. ئۆز - ئۆزىنى
تەكشۈرۈش ئۆزىنى بىلىشتىن باشلىنىدۇ. بە-
زىلەر تۇغۇلۇشىدىن باشباشتاق كەلگەچكە،
ھامان ئۆزىنىڭ مىجەزى بويىچە ئىش قىلىدۇ،
بىرەر شەپە بولسىلا ئۇلارنىڭ كەيپىياتى ئۆز-
گىرىدۇ. ئەنە شۇنداق يامان خاراكتېردىكى
تەڭپۇڭسىزلىقنىڭ كاساپىتىدىن، ئۇلار ھەمىشە
ئۆزىگە ئۆزى زىت كېلىدىغان ئىشلارنى قىلىدۇ.

## يەتمىش بەشىنچى نەسىھەت

ئەي مىللەتنىڭ ئائىلىدىكى ۋەكىلى بول-
غان ئەر، شۇنى بىلگىنكى، ئۆزۈڭنى تۇتۇۋې-
لىشنى بىلىش نۇقسان ئەمەس، بەلكى تۇغما
ئارتۇقچىلىق دېمەكتۇر. بەلكىم بۇنداق ئارتۇق-
چىلىقنى زېرەكلىك تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈ-
رۈشى مۇمكىن. ئەڭ ئۇلۇغ كىشىلەر سالاپىتى
ۋە قىزىقچىلىقىدىن پايدىلىنىپ كۆپچىلىكنىڭ
كۆڭلىنى ئۇتۇۋالالايدۇ. ئەمما، ئۇلار ئېھتىيات-
چانلىقىمۇ ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىپ، ھۆر-
مەتسىزلىككە ياتىدىغان ئىشلارنى قىلمايدۇ.
باشقا كىشىلەر بولسا ھەزىل - چاقچاقنى قى-
يىنچىلىقتىن قۇتۇلۇشنىڭ ئەپلىك يولى قىلى-
دۇ. بەزى ئىشلارنى، ھەتتا باشقىلار ناھايىتى
جىددىي دەپ بىلگەن ئىشلارنى قىزىق گەپ
- سۆزلەر بىلەن بىر تەرەپ قىلىشقا توغرا
كېلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن خېلى دەرىجىدە مۇلا-
يىملىق ۋە چىقىشقاقلىقنى ئىپادىلەپ، باشقىلار-
نى قالتىس مەپتۇن قىلىدىغان ئۇنۇم ھاسىل
قىلغىلى بولىدۇ.

## يەتمىش ئالتىنچى نەسىھەت

ئەي مىللەتنىڭ ئائىلىدىكى ۋەكىلى بولغان ئەر، شۇنى بىلگىنكى، ئۆزۈڭنىڭ خاراكتېرىنى، ئەقىل - پاراسىتىنى، قارارىنى ۋە ھېسسىياتىنى ئېنىق تەكشۈر. ئەگەر سەن ئۆزۈڭنى چۈشەنمىسەڭ، ئۆزۈڭنى ئىدارە قىلىشنى بىلەلمەيسەن. ئەينەككە قارىساڭ چىرايىڭنى كۆرىسەن، ئەمما ئۆزۈڭنىڭ روھىنى كۆزىتىشىڭ بىردىنبىر يولى — ئاقىلانىلىق بىلەن ئۆزۈڭ ئۈستىدە ئويلىنىش. سەن ئۆزۈڭنىڭ تاشقى ئوبرازىدىن ئەنسىرىمەيدىغان بولغاندا، ئىچكى ئوبرازىڭنى تۈزەش ۋە ياخشىلاشقا كىرىشسەڭ بولىدۇ. ئىشلارنى ئاقىلانىلىق بىلەن بىر تەرەپ قىلىش ئۈچۈن ئۆزۈڭنىڭ ئېھتىياتچانلىقى ۋە زېھنىنى توغرا مۆلچەرلىشىڭ، مۇسابىقىنى قانداق كۈتۈۋېلىشىڭ ھەققىدە ھۆكۈم قىلىپ بېقىشىڭ، ئۆز بىلىمىڭنى ۋە پاراسىتىڭنى دەڭسەپ كۆرۈشۈڭ لازىم.

## يەتمىش يەتتىنچى نەسىھەت

ئەي مىللەتنىڭ ئائىلىدىكى ۋەكىلى بول-غان ئەر، شۇنى بىلگىنكى، ئېسىل خىسلەت باتۇرلۇقنىڭ زوْروْر ئامىللىرىدىن بىرى، چۈن-كى ئۇ ھەرخىل ئۇلۇغۋار ھېسسىياتنى قوزغاي-دۇ. ئۇ كىشىنىڭ خۇشاللىقىنى ئاشۇرىدۇ، كۆڭۈل - كۆكسىنى ئازادە قىلىدۇ، نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتىدۇ، تەربىيلىنىشىنى يۇقى-رى پەللىگە كۆتۈرىدۇ، ھەيۋەتلىك سالاپەتنى ئارزۇسىغا ئايلاندۇرىدۇ. ئۇ قەيەردە ئىپادىلەن-سە، شۇ يەردە كىشىنىڭ دىققىتىنى تارتىدۇ. ئامەت مۇئەككىلى مەردانىلىق بىلەن ئۆز كارا-مىتىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ مۇشكۇل شارائىتتىمۇ ئىرادىنى باشقۇرالايدۇ. ئۇچۇق كۆڭۈللۈك، مەردلىك ۋە ئۇنىڭدىن باشقا ھەممە مەشھۇر پەزىلەتلەر ئەنە شۇنىڭدىن ھاسىل بولىدۇ.

## يەتمىش سەككىزىنچى نەسىھەت

ئەي مىللەتنىڭ ئائىلىدىكى ۋەكىلى بول-غان ئەر، شۇنى بىلگىنكى،خوتۇن ئالساڭ ھەر كىچە يېقىنچىلىق قىلما، «ھەر دائىم مۇشۇن-داق بولىدىغان ئوخشايدۇ» دەپ ئادەتلىنىپ قالمىسۇن، ناۋادا بىرەر ئۆزرىلىك ئىش – زۆ-رۈرىيەت بولۇپ قالسا ياكى سەپەرگە چىقىشقا توغرا كەلسە، سىنىڭ يوقلۇقۇڭدا سىنى، يەنى سەن بىلەن بىللە بولۇشنى ئارزۇ قىلىپ تاقەت-سىزلىنىدۇ. ئىمكان بار خوتۇنۇڭنى ياتلارغا كۆرسەتمىگىن. خىزمەتكارنى، ھەتتا ياشانغان بولسىمۇ، خوتۇنۇڭ بار ئۆيگە كىرگۈزمە. ھەر دائىم ئۆزۈڭنى غەيرەتلىك تۇت، غەيرەتسىز كىشىنى ئادەم سانىما، خۇدايتائالا پەرزەنت ئاتا قىلسا، ئوبدان پەرۋىش قىل!

## يەتمىش توققۇزىنچى نەسىھەت

ئەي مىللەتنىڭ ئائىلىدىكى ۋەكىلى بول- غان ئەر، شۇنى بىلگىنكى، قىيىن ھالەتتە قالغاندا جەسۇر يۈرەك ئەڭ ياخشى ھەمراھ- دۇر. ئەگەر يۈرەك ئاجىز كېلىپ قالسا، ئۇنىڭ- غا ئەڭ يېقىن ئەزانى ئىشقا سالساڭ بولىدۇ. ئۆز كۈچىگە تايىنىدىغان كىشى ئازاب - ئو- قۇبەتكە ھەممىدىن بەك بەرداشلىق بېرەلەيدۇ، كۆلپەتلىك تەقدىرگە باش ئەگمەيدۇ، باش ئېگىدىغان بولسا، كۆلپەتلىك تەقدىر ئىلاھى تىېخىمۇ ھەددىدىن ئاشىدۇ. مۈشكۈل ئەھۋالغا دۇچ كەلگەندە، بەزىلەر ئۆز - ئۆزىگە مەدەت بېرەلمەي ھەمدە قانداق بەرداشلىق بېرىشنى بىلەلمەي قالىدۇ - دە، مۈشكۈللۈك ھەسسى- لەپ ئاشىدۇ. ئۆز - ئۆزىنى چۈشىنىدىغان كىشىلەر ئەتراپلىق ئويلىنىپ، ئۆزىدىكى ئا- جىزلىقنى يېڭەلەيدۇ. زېرەك ۋە ئېھتىياتچان كىشىلەر ھەممىنى، ھەتتا يۇلتۇزلار تۈركۈمىنى بويسۇندۇرالايدۇ.

## سەكسىنىنچى نەسىھەت

ئەي مىللەتنىڭ ئائىلىدىكى ۋەكىلى بول-
غان ئەر، شۇنى بىلگىنكى، تۇرمۇشۇڭنى قالا-
يمىقان ئۆتكۈزمەي، مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇر.
ئالدىراش ئىشقا يولۇققاندىمۇ ئالدىن كۆرۈش،
ھۆكۈم قىلىش ئىقتىدارىغا ئىگە بول. دەم
ئېلىش يوق تۇرمۇشقا چىداش مۇمكىن ئە-
مەس، ئۇ خۇددى كەچكىچە يول يۈرۈپ بىرەر
كىچىك سارايىنى يولۇقتۇرمىغانغا ئوخشايدۇ.
تۇرمۇشنى خۇشال ئۆتكۈزۈش يولى — كۆپ
بىلىمگە ئىگە بولۇش؛ گۈزەل تۇرمۇش بەرپا
قىلىش ئۈچۈن قىلىشقا تېگىشلىك بىرىنچى
ئىشىمىز — قەدىمكىلەر بىلەن سۆزلىشىش —
ئۆزىمىز تۇغۇلغاندىن كېيىنلا باشقىلارنى چۈ-
شىنىشىمىز، ئۆزىمىزنى چۈشىنىشىمىز لازىم.
كىتاب بىزنىڭ پىتىلىشىمىزگە سادىقلىق بىلەن
ئىمكان بېرىدۇ. ئىككىنچى ئىش ھايات كىشى-
لەر بىلەن سۆزلىشىش — دۇنيادىكى بارلىق
گۈزەل شەيئىلەرنى كۆرۈشىمىز لازىم. ھەممىلا
شەيئى بىرلا جايغا ئورۇنلاشقان ئەمەس.

## سەكسەن بىرىنچى نەسىھەت

ئەي مىللەتنىڭ ئائىلىدىكى ۋەكىلى بول-
غان ئەر، شۇنى بىلگىنكى، كۆرىدىغان كىشى-
لەرنىڭ ھەممىسىنىڭلا كۆزى ئېچىقلىق ئە-
مەس، كۆزىنى ئاچقان كىشىلەرنىڭ ھەممىسى-
نىڭلا كۆرەلىشى مۇمكىن ئەمەس. بەك كېچى-
كىپ ھوشىنى تېپىش تىنچ - ئامانلىقتا ئىگە
قىلمايدۇ، بەلكى پۇشايمانغا قالدۇرىدۇ. بەزىلەر
ھېچنېمىنى كۆرەلمەس بولۇپ قالغان چېغىدا
ئاندىن كۆرمەكچى بولىدۇ، ئۇلار ئۆزىنى باي-
قاشتىن ئاللىبۇرۇنلا ئۆي - جايىدىن ۋە مال
- دۇنياسىدىن ئايرىلغان بولىدۇ. ئىرادىسىز
ئادەمنى چۈشىنىش ئىقتىدارىغا ئىگە قىلىش
تەس، چۈشىنىش ئىقتىدارى يوق ئادەمنى ئى-
رادىگە ئىگە قىلىش تېخىمۇ تەس. كىشىلەر
خۇددى يولدا ئەماغا يولۇققاندەك ئۇلاردىن
ئۆزىنى قاچۇرىدۇ ۋە ئۇلارنى مازاق قىلىدۇ،
چۈنكى ئۇلار سەممىي مەسلىھەتكە قۇلاق
سالمايدۇ، ئۇلار دەل كۆزىنى ئاچماستىن كۆر-
مەكچى بولىدىغانلار.

## سەكسەن ئىككىنچى نەسىھەت

ئەي مىللەتنىڭ ئائىلىدىكى ۋەكىلى بول-
غان ئەر، شۇنى بىلگىنكى، مىننەتدارلىق بىل-
دۈرۈشنى مېھىر - شەپقەت قىلىشقا ئايلاندۇ-
رۇش — دانا تەدبىر. كىشىگە مېھىر - شەپ-
قەت قىلىش كىشىنىڭ خىزمىتىگە ھەق بې-
رىشتىنمۇ ئەلا؛ ۋاقتىدا ياردەم بېرىش سېنى
تېخىمۇ ئۈچمەس ئوبدان نامغا ئىگە قىلىدۇ.
كىشىگە ئىلتىماس قىلىشنى كۈتمەيلا ياردەم
بەرسەڭ ياردەم قوبۇل قىلغۇچى تېخىمۇ ئېغىر
مەجبۇرىيەت سېزىمىغا ئىگە بولىدۇ، ئۇنىڭدىن
باشقا، مەجبۇرىيەت مىننەتدارلىق ھېسسىياتىغا
ئايلىنىدۇ. بۇنداق ئايلىنىش ناھايىتى سىرلىق
بولىدۇ: باشتا سەن قەرز قايتۇرساڭ، كېيىنچە
قەرز ھەقدارنىڭ ئۈستىگە يۆتكىلىدۇ. بۇ تەر-
بىيە كۆرگەن كىشىلەرگىلا مۇۋاپىق كېلىدۇ؛
يۈزسىز مۇتتەھەملەر ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئالدىن
ھەق بېرىش رىغبەتلەندۈرۈش بولماستىن،
بەلكى چەكلەشتۇر.

## سەكسەن ئۈچىنچى نەسىھەت

ئەي مىللەتنىڭ ئائىلىدىكى ۋەكىلى بول-
غان ئەر، شۇنى بىلگىنكى، ئوق بەدەنگە،
يامان گەپ يۈرەككە سانجىلىدۇ. ئوبدان قەنت
- گېزەك كۆڭۈلنى يايرىتىدۇ. گەپ - سۆ-
زۈڭنى باشقىلارغا ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن ئەپچىل
ماھارەت كېرەك. نۇرغۇن ئىشلار گەپ - سۆز
بىلەن پۈتىدۇ، گەپ - سۆزنىڭ ياردىمى بى-
لەن قىيىن ئەھۋالدىن قۇتۇلۇپ كېتەلەيسەن.
كىشىلەر تەكەببۇرلۇق قىلغاندا ياكى ياسالمى-
لىق قىلغاندا، ئۇلارغا قۇرۇق گەپ - سۆز
بىلەن تاقابىل تۇرساڭ بولىدۇ. شاھلارنىڭ
گەپ - سۆزى ئىنتايىن قايىل قىلىش كۈچىگە
ئىگە. ئاغزىڭنى شېكەر قاپلىسۇن، گەپ -
سۆزۈڭنى ھەتتا دۈشمىنىڭمۇ ياخشى كۆرىدى-
غان شېكەردەك قىل. باشقىلارنىڭ مەستلىكى-
نى كەلتۈرۈشنىڭ بىردىنبىر يولى —
مۇلايىملىق ھەم تاتلىقلىق.

## سەكسەن تۆتىنچى نەسىھەت

ئەي مىللەتنىڭ ئائىلىدىكى ۋەكىلى بول-
غان ئەر، شۇنى بىلگىنكى، يوقىلاڭ ئىشلارغا
كۆپ ئارىلاشمىساڭ خورلانمايسەن. باشقىلار-
نىڭ ھۆرمىتىگە ئىگە بولاي دېسەڭ، ئاۋۋال
ئۆز - ئۆزۈڭنى ھۆرمەت قىل. ئۆزۈڭنى مەي-
لىڭگە قويۇۋەتمەي، ئۆزۈڭگە قاتتىقراق بول،
ئۆزۈڭنى قارشى ئالىدىغان جايغا بارساڭ، ئوب-
دان مۇئامىلىگە ئېرىشەلەيسەن. تەكلىپ قىلى-
مىغان يەرگە ئۆزۈڭ كېلىۋالما، چاقىرمىغان
يەرگە ئۆزۈڭ بېرىۋالما. مۇبادا مەجبۇرىيەتنى
ئۆزلۈكۈڭدىن ئۈستۈڭگە ئالساڭ، ئىش بۇزۇل-
سا، خەق سەندىن ئاغرىنىدۇ؛ ئىش ۋۇجۇدقا
چىقسىمۇ، باشقىلار ساڭا رەھمەت دېمەيدۇ.
باشقىلارنىڭ ئىشىغا قول تىقساڭ، ئاسانلا مەس-
خىرىگە قالىسەن؛ ئارىلىشىشقا تېگىشلىك بول-
مىغان ئىشلارغا ئارىلاشساڭ، كۆپىنچە رەسۋا
بولۇپ قايتىسەن.

## سەكسەن بەشىنچى نەسىھەت

ئەي مىللەتنىڭ ئائىلىدىكى ۋەكىلى بول-
غان ئەر، شۇنى بىلگىنكى، ھۆرمەتكە ئىگە
بولاي دېسەڭ، باشقىلارنىڭ سېنى بەك قىزغىن
سۆيۈشىدىن ساقلان. نەپرەتلىنىشكە قارىغاندا
سۆيۈشنى تىزگىنلەش تەسرەك. مۇھەببەت بىد-
لەن ھۆرمەت بىر ئىش ئەمەس. كىشىنى بەك
قورقۇتماسلىق كېرەك، بەك سۆيدۈرمەسلىكمۇ
كېرەك. مۇھەببەت تۇيغۇسى كىشىلەرنى بىر
- بىرىگە ھەددىدىن زىيادە تونۇش قىلىپ
قويىدۇ، شۇنداقلا بىر - بىرنى ھۆرمەت قىد-
لىدىغان، بىر - بىرنى سۆيىدىغان قائىدىگە
ئەمەل قىلمايدىغانمۇ قىلىپ قويىدۇ. شۇڭا،
باشقىلار سېنى ئەڭ ياخشىسى ئەركىلىتىش
بىلەن ئەمەس، ھۆرمەت بىلەن سۆيىدىغان
بولسۇن.

## سەكسەن ئالتىنچى نەسىھەت

ئەي مىللەتنىڭ ئائىلىدىكى ۋەكىلى بول-
غان ئەر، شۇنى بىلگىنكى، كەيپىڭ ئۆرلەپ
قالغاندا ھەرىكەت قىلىشتىن ساقلان، بولمىسا
ھەممىلا ئىشنى قالايمىقانلاشتۇرۇۋېتىپ قويىسەن.
ئادەم ئۆزىنى تۇتالماي قالغاندا، ھەرىكىتى قىد-
لىپتىن چىقىپ كېتىدۇ؛ قاتتىق ھاياجان ئا-
دەمنى ھامان ئەقلىدىن ئازدۇرىدۇ. بۇنداق
چاغدا ئۆز ھاياجىنىنى باسالايدىغان ئۇچىنچى
تەرەپتىن مەسلىھەت سورىماق لازىم. چۈنكى
ئەھۋال ئۆزۈڭگە قاراڭغۇ، ياندىكىلەرگە ئايان
بولىدۇ. ئېھتىياتچان كىشىلەر روھىي كەيپىياتى
ئۆرلەپ قالغانلىقىنى سەزگەن ھامان ئۆزىنى
بېسىۋالىدۇ ھەمدە كەيپىياتىنى پەسەيتىۋالىدۇ.
ئۇنداق قىلمىسا، قېنى قىزىپ قاراملىق قىلىپ
قويۇشى مۇمكىن. بىر دەملىك قاتتىق غەزەپ
ئادەمنىڭ نەچچە كۈنلەرگىچە ئۆپكىسىنى با-
سالماسلىقىغا، ھەتتا ئابرۇيىنىڭ تۆكۈلۈشىگە
سەۋەب بولىدۇ.

## سەكسەن يەتتىنچى نەسىھەت

ئەي مىللەتنىڭ ئائىلىدىكى ۋەكىلى بول-غان ئەر، شۇنى بىلگىنكى، تەربىيە كۆرگەن، ئەدەبلىك ئەركەك ئۆز ئايالىنى دائىم ھۆرمەت-لەيدۇ، ئۇنىڭ كۆڭلىنى رەنجىتمەيدۇ، ئايالى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ ئىش قىلىدۇ. ئايالى ۋە باللىرىغا ئوچۇق چىراي ۋە شېرىن سۆز بىلەن مۇئامىلە قىلىدۇ، يېمەك - ئىچمەك ۋە كىيد-نىشتە تەڭلىكتە قالدۇرمايدۇ، تۇرمۇشنى ياخ-شى ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن تىرىشىدۇ. تاپقىنىنى بىھۇدە يەرلەرگە سەرپ قىلماي، پەقەت ئائىلد-سى ئۈچۈن ئىشلىتىدۇ. ئوتتۇن يېرىش، سۇ ئەكىلىش ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ئېغىرراق ئۆي ئىشلىرىدا ئايالىغا ياردەم بېرىدۇ.

## سەكسەن سەككىزىنچى نەسىھەت

ئەي مىللەتنىڭ ئائىلىدىكى ۋەكىلى بول-غان ئەر، شۇنى بىلگىنكى، تەربىيە كۆرگەن، ئەدەبلىك ئەر كەچقۇرۇن ئىشتىن قايتقاندا كوچىلاردا لاغايلاپ يۈرمەستىن، ئۇدۇل ئۆيگە قايتىدۇ. ئايالىنىڭ ئاتا ـ ئانا، ئاكا ـ ئۇكا ۋە ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىنى ھۆرمەتلەپ، ئۇلار بى-لەن باردى ـ كەلدى مۇناسىۋەت قىلىپ تۇ-رىدۇ. ئايالىنىڭ بىرەر ئىشىدىن نارازى بولسا، ئۇنىڭغا نارازىلىقىنى مۇلايىملىق بىلەن بىلدۇ-رۇپ، نەسىھەت قىلىدۇ. ئەگەر ئانىسى بىلەن ئايالى يەنى قېيىن ئانا بىلەن كېلىن ئوتتۇرى-سىدا كېلىشەلمەسلىك بولسا، ھەر ئىككىسىگە نەسىھەت قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى كېلىشەلمەسلىكنى تۈگىتىشكە تىرىشىدۇ.

## سەكسەن توققۇزىنچى نەسىھەت

ئەي مىللەتنىڭ ئائىلىدىكى ۋەكىلى بول-
غان ئەر، شۇنى بىلگىنكى، بەش كىشى بەش
ئەيىبكە يول قويسا، بەش پۇشايمانلىق يېمە-
شىنى تېتىيدۇ. بىرىنچىسى، زۆرۈر ئىشنى ئار-
قىغا سۆرەيدۇ، نەتىجىدە ۋاقتى كېتىدۇ؛ ئىك-
كىنچىسى، يېقىن دوستىنى خاپا قىلىدۇ، نەتى-
جىدە بالاغا مۇپتىلا بولىدۇ؛ ئۈچىنچىسى،
دۈشمەندىن ئېھتىيات قىلىشتىن غاپىل بولىدۇ،
نەتىجىدە زىيان تارتىدۇ؛ تۆتىنچىسى، ھايالىق،
ئىپپەتلىك خوتۇننى قولدىن چىقىرىپ قويى-
دۇ، نەتىجىدە يامان خوتۇنغا ئۇچرايدۇ؛ بە-
شىنچىسى، گۇناھلىق ئىشلاردىن قورقمايدۇ،
ئاقىۋەت ئۆلۈمگە مەھكۇم بولىدۇ.

## توقسىنىنچى نەسىھەت

ئەي مىللەتنىڭ ئائىلىدىكى ۋەكىلى بول-غان ئەر، شۇنى بىلگىنكى، نەپسىڭنى بىزارلىق كەلتۈرۈپ نېرى قاچمايدىغان شەكىلدە ئىبا-دەت قىلىشقا دەۋەت قىل. نەپس تۇلپارىڭدا بىر ئاز كۈچ ـ قۇۋۋەت قالدۇرۇشۇڭ، ئۇنى پۈتۈنلەي نەپسسىز قالدۇرۇشۇڭدىن ياخشى. تۈنۈگۈنكى رىسقىڭنىڭ بۈگۈنگە پايدىسى بول-مىغىنىدەك، تۈنۈگۈنكى توقلىقىڭنىڭمۇ بۈ-گۈنكى ئاچلىققا پايدىسى يوق! ئەگەر ئەھدى-نىڭ رۇخسارى ۋاپا خالى بىلەن زىننەتلەنسە، ھەرقانداق كۆڭۈلنىڭ قۇشى ئۇنىڭ دامىغا چۈشمەي مۇمكىن ئەمەس.تەپەككۇر نەزەرى بىلەن ھەرقانداق ئەھۋال چېھرىسىگە باقساڭ شۇنى ھېس قىلىسەنكى، ئۇنىڭ بىرئۇچى ئا-مانەتكە چېتىقلىق، يەنە بىر ئۇچى خىيانەتكە باغلىنىشلىقتۇر.

## توقسان بىرىنچى نەسىھەت

ئەي مىللەتنىڭ ئائىلىدىكى ۋەكىلى بول-
غان ئەر، شۇنى بىلگىنكى، ئائىلە — رەندە:
ئۇ بىر - بىرىگە پۇتۇنلەي ھىم كەلمەيدىغان
ئىككى پارچە ياغاچنى ياپسا قىلىپ، بىر -
بىرىگە ھىم قىلغاندەك، ئەر - ئايالنى تەدرى-
جىي ئاڭلىق ياكى سۇركىلىش ئارقىلىق ئادەت-
لىنىش شەكلىدە بىر - بىرىگە ياپسا قىلىدۇ.
مۇھەببەت ئۇنى يەملەيدۇ. ئەگەر خوتۇن ياش
باللار (تالا) غا قارىغۇچى بولسا، ئۇ، ھەر
قانچە ئايدەك ۋە قۇياشتەك گۈزەل بولمىسۇن،
بىر نابىكاردۇر. بۇنداق خوتۇننى ھەرگىز ئالما.
چۈنكى، ئۇ ئۆلگىچە سېنىڭ بوينۇڭغا سېلىن-
غان ئۇزۇلمەس بىر يىپتۇر. ئۇنىڭ بىلەن
تىرىكلىك ئەيلىمەكنىڭ ئاخىرى ئازابتۇر.بىر
ھىيلىگەر خوتۇننىڭ ھىيلىسى، قىرىق ئەرنىڭ
ھىيلىسىدىن ياماندۇر.

## توقسان ئىككىنچى نەسىھەت

ئەي مىللەتنىڭ ئائىلىدىكى ۋەكىلى بول-
غان ئەر، شۇنى بىلگىنكى، ئەگەر قانداقلا
تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ كۆلپەتتىن قۇتۇلا-
مىغاندا، تەمكىنلىك بىلەن ئۆزىنى تۇتۇۋې-
لىش، سەۋر - تاقەت قىلىش كېرەك، بۇ
نۇقتىنى ئېسىڭلاردا چىڭ تۇتۇڭلار. سىلەر
كەلگۈسىگە ئېتىبار بىلەن قارىساڭلار، ئۇنداقتا
تەشۋىشلەنمەڭلار، ھەرگىز ئۇنتۇپ قالماڭلار:
چوقۇم جاسارەت بىلەن ئۆزۈڭلارنى تۇتۇۋې-
لىڭلار، سەۋر - تاقەت قىلىڭلار. ئۆزۈڭنى
ئەجرىڭ تارىخقا پۈتۈلىدىغان، كىشىلەر تەرد-
پىدىن ئالقىشلىنىدىغان ئىشلارنى قىلىشقا ئا-
دەتلەندۈر.سىنالمىغان دوستقا سىر ئېيتقان كى-
شىنىڭ ئىشى دەل ئۆزىنى دەرياغا تاشلاپ،
دوستىغا خىتاب قىلغان ھالدا: «مېنى غەرق
بولۇشتىن قۇتقۇزۇڭلار!» دەپ داد سالغان
كىشىنىڭ ئىشىغا ئوخشايدۇ.

## توقسان ئۈچىنچى نەسىھەت

ئەي مىللەتنىڭ ئائىلىدىكى ۋەكىلى بول-غان ئەر، شۇنى بىلگىنكى، كىشىلەرنىڭ تە-كەببۇرلانماقتىن مۇددىئاسى ئۆز نۇقسانلىرىنى يېپىش ئۈچۈندۇر، ئۇلار تەكەببۇرلانغانسېرى ئۆزىنىڭ يامان ۋە قەدىرسىزلىكىنى شۇنچە ئاشكارىلايدۇ. ئادەمگە تەكەببۇرلۇق بوھرانى قانچە يېقىنلاشقانسېرى ئۇ ئادىمىيلىكتىن شۇن-چە يىراقلاشتۇرىدۇ. ئەكسىچە بولغاندا بولسا، ئۇ كەمتەرلىك لىباسىنىڭ هارارىتى ئارقىلىق كىشى قىممىتىنى تېخىمۇ يۈكسەلدۈرىدۇ. ئا-يانكى، ئادەمگە ئەقىل يېتىشمىسە، ئۇنىڭدا شۇنچە تەكەببۇرلۇق بولىدۇ. ئۇلۇغلۇق ۋە سائادەتمەنلىك يۇقىرى ھىممەتلىك بولۇشتىن كېلىپ چىققان بولۇپ، بىر ـ بىرىدىن ئايرىل-مايدۇ.

## توقسان تۆتىنچى نەسىھەت

ئەي ملللەتنىڭ ئائىلىدىكى ۋەكىلى بول-
غان ئەر، شۇنى بىلگىنكى، ھەر قاچان خوتۇن
ئالساڭ، خوتۇنۇڭنى ھۆرمەت قىل ۋە ھەر
قانچە قەدىرلىك نەرسەڭ بولسىمۇ ساڭا ئىتا-
ئەت قىلغان، ئاق كۆڭۈل، توغرا يوللۇق خو-
تۇنۇڭ ۋە ئوغلۇڭدىن ئايىما، قىزغانما.

خوتۇن ئېلىشتا خوتۇننىڭ مال - مۈل-
كىدىن، پۇلىدىن بىر نەرسە كېلىشنى ئىزدىمە
ۋە خوتۇنۇڭ شۇنداق بولسۇنكى، خوتۇنلۇقتا،
ئۆي تۇتۇشقا لايىقتى بولسۇن، ئۆي ئىشلىرى-
نى بىلىدىغان، ئۆزىنىڭ ھالال يولدىشىنى
سۆيگۈچى، ھايالىق، نومۇسلۇق، ئۆزىنى ھا-
رامدىن ساقلىغۇچى بولسۇن، يەنە ئۆز مەرتى-
ۋەڭدىن يۇقىرى، ئۆزۈڭدىن باي خوتۇننى
ئالما. خوتۇنۇڭ ئالدىدا تۆۋەن ئورۇندا بولمى-
غايسەن.

## توقسان بەشىنچى نەسىھەت

ئەي مىللەتنىڭ ئائىلىدىكى ۋەكىلى بول-
غان ئەر، شۇنى بىلگىنكى،خوتۇنۇڭ بالاغەتكە
يەتكەن، ئەقىللىق بولۇشى لازىم. ئۇ ئۆي
تۇتۇش يوللىرىنى بىلسۇن. بەك ياش، بويىغا
يېتەر - يەتمىگەن كىچىك قىزنى ئالما. چۈن-
كى مەرد ئادەملەر خوتۇننى ئائىلىنى ياخشى-
لاش ئۈچۈن ئالىدۇ. پەقەت جىما ئۈچۈنلا
ئالمايدۇ. ئالغان خوتۇنۇڭ ئاتا - ئانىسىنىڭ،
مەكتەپنىڭ توغرا تەربىيىسىنى ئالغان، ئۆي
تۇتۇش تەدبىرلىرىنى ئۆگەنگەن بولسۇن،
ئۇنداق خوتۇن قولۇڭغا كىرەر بولسا، ئۇنى
ئېلىشتا بىپەرۋالىق قىلما.

خوتۇننى گۈزەللىكى ئۈچۈن ئەمەس،
نومۇس ۋە ئىپپىتى ئۈچۈن ئال. ئەگەر ئىپپەت
ۋە پاكلىقى بىلەن گۈزەللىكمۇ بولسا تېخىمۇ
ياخشى بولغىنى.

## توقسان ئالتىنچى نەسىھەت

ئەي مىللەتنىڭ ئائىلىدىكى ۋەكىلى بول-
غان ئەر، شۇنى بىلگىنكى، شۇنداق ئادەملەر-
مۇ باركى، ئۇلار مۇھەببەت بوستانىنى ئارىلا-
پ، ئۆيلىنىشكە قەدەم قويمايدۇ ۋە بۇ پەيىز
بېغىنىڭ گۈلزارىدىن گۈللەر ئۈزمەيدۇ، ئەك-
سىچە دائىما غەم ئۆيىدە ئۆزلىرى يالغۇز —
تەنھا ئولتۇرىدۇ. مەلۇمكى، ئۆيلىنىش يولىدا
ۋە ئۇنىڭ سەرپ — خەرجى يولىدا قانچىلىك
نەرسە ئىشلىتىلسۇن، كىيىنچىلىك بولار تول-
دۇرۇۋېلىنىدۇ. ئەمما بۇ يولنى بىسىپ ئۆتۈشتە
تۆۋەندىكىلەرگە ئەمەل قىلماق كېرەك. شۇن-
داق قىزغا ئەلچى كىرگۈزۈلسۇنكى، بۇ قىزنىڭ
مېھرى ئىسسىق، يۈزىدىن ئالىيجاناپلىق ۋە
ئىپپەت نامايان بولسۇن، پاكلىق ۋە پاكىزلىق
پەردىسى ئارقىسىدا تەربىيلەنگەن، چىرايلىق
ئىش ۋە ئادەتلەرگە ئۆگىنىلگەن بولسۇن! بۇن-
داق قىز ئەڭ ياخشى ئارتۇق بولۇپ، ھايات
داستىخىنىنىڭ لەززىتىنى مول قىلىدۇ.

## توقسان يەتتىنچى نەسىھەت

ئەي مىللەتنىڭ ئائىلىدىكى ۋەكىلى بول-
غان ئەر، شۇنى بىلگىنكى، ھېچ ۋاقىت خوتۇ-
نۇڭغا يامانلىق قىلما. خوتۇنۇڭ ۋە ئائىلە تاۋا-
بىئاتىڭنى ياخشى تۇتۇشۇڭ كېرەك. خوتۇنۇڭ-
ـمۇ سېنى ئاتا ـ ئانىسى ئورنىدا كۆرۈپ
مۇھەببەت باغلىسۇن. ساڭا ئىززەت ۋە ھۆر-
مەت قىلسۇن. ساڭا ئۇنىڭدىن ياخشى دوست
بولمايدۇ. ئەگەر خوتۇنۇڭغا قاتتىقلىق ۋە ئەخ-
لاقسىزلىق قىلساڭ، ساڭا ئۇنىڭدىن ئارتۇق
دۈشمەن بولمايدۇ. يات دۈشمەندىن ساقلىنىش
مۇمكىن، ئەمما خوتۇنۇڭ بىلەن ئوتتۇرۇڭدا
دۈشمەنلىك بولسا ساقلىنىش مۈشكۈل.

ئەر ـ خوتۇن تۇرمۇش قۇرۇشتىن ئاۋ-
ۋال بىر ـ بىرىنىڭ ئەخلاقىي ئادەتلىرى ۋە
مىجەز ـ خۇلقلىرىنى تولۇق ئۆگەنمىسە، ئۇلا-
رنىڭ تۇرمۇشى بەختلىك ئۆتمەيدۇ.

## توقسان سەككىزىنچى نەسىھەت

ئەي مىللەتنىڭ ئائىلىدىكى ۋەكىلى بول-
غان ئەر، شۇنى بىلگىنكى، مەيزاب (شاراب)
ئىچمەكچى بولساڭ، ئاۋۋال ئۇنى قايسى تەرد-
قىدە ئىچىدىغانلىقىنى بىلىۋال. ئەگەر تەرتىپ
ـ قائىدىلىرىنى بىلمەي تۇرۇپ ئىچسەڭ، ئىچ-
كەن شاراب سەن ئۈچۈن ئوغا بولىدۇ. تەر-
تىپلىرىنى بىلسەڭ، دەرھەقىقەت، ئۇ سەن ئۈ-
چۈن تەرياك (زەھەر قايتۇرغۇچى دورا) بول-
دۇ. يېمەك ـ ئىچمەك ـ تائام ۋە شارابلارنى
كۆرۈپ ھەددىدىن زىيادە ئىچسەڭ ۋە يېسەڭ
ئۇ زەھەرگە ئايلىنىدۇ. ناۋادا تائام يېگەندىن
كېيىن ئۇسساپ كەتسەڭ، ئۈچ مەرتىۋە ئۇس-
سۇلۇق ئىچىپ ئاندىن مەيزاب ئىچ، يەنى
ئۇسسۇلۇق ئىچمەي تۇرۇپ مەيزاب ئىچمە.
ئەگەر ئۇسسىمىغان بولساڭ، تائامدىن كېيىن
ئۈچ سائەت تەخىر قىل. ئاندىن مەيزاب ئىچ-
سەڭ بولىدۇ.

## توقسان توققۇزىنچى نەسىھەت

ئەي مىللەتنىڭ ئائىلىدىكى ۋەكىلى بول-
غان ئەر، شۇنى بىلگىنكى، ئەگەر خوتۇن
ئالساڭ، ئىززەت ـ ئىكرام بىلەن تۇتقىن، بۇ
دۇنيالىقتا ھەرقانداق ئەزىز نەرسە بولسا، خو-
تۇنۇڭ ۋە بالاڭدىن ئايىما، خۇسۇسەن، قو-
لۇڭدا بولسىلا كۆيۈمچان خوتۇندىن، پەرماز-
بەردار ۋە مېھرىبان پەرزەنتتىن ھېچنىمەڭنى
قىزغانما. خوتۇنۇڭنىڭ مال ـ مۈلكىنىڭ پېيد-
دا بولما. تولا خۇش چىراي (چىرايلىق)
خوتۇننىمۇ ئالما. چۈنكى گۈزەللىك غەيرىلەر-
نىڭ قىزىقىشىغا سەۋەب بولىدۇ. ئالغان خوتۇ-
نۇڭ پاك دىن، چىرايى پاكىز، ئەر جىنسىغا
يېقىن يولىمىغان، ئېتىقادلىق، شەرم ـ ھايالىق
ۋە سادىق، جاۋاب ياندۇرمايدىغان، تاپقان مال
ـ دۇنيالىرىڭنى ياخشى ساقلايدىغان بولسۇن.
خوتۇنۇڭ ھەر قانچە مېھرىبان ۋە خۇش خۇي
بولسىمۇ، ئۆزۈڭنى بىراقلا ئۇنىڭ قولىغا تاش-
لاپ بەرمە، پەرمانى ئاستىغا چۈشۈپ قالما.

## يۈزىنچى نەسىھەت

ئەي مىللەتنىڭ ئائىلىدىكى ۋەكىلى بول-
غان ئەر، شۇنى بىلگىنكى، يەر ـ جاي، هويلا
ئالماقچى بولساڭ، چوقۇم تىنچ ۋە ياخشى
كىشىلەر ئولتۇراقلاشقان مەھەللىدىن ئال.
شەھەرنىڭ ئەتراپىدىن هويلا ئالمىغىن. شە-
هەرگە كىرىدىغان يول ئۈستىدىنمۇ ئالما. شۇ-
نىڭدەك نەرقى ئەرزانكەن دەپ ۋەيرانە ئىما-
رەتنىمۇ ئالما ھەم قوشنىلارغىمۇ دىققەت قىل.
كىمدۇر بىرى: «قوشنا كۆرۈپ ئۆي ئال»
دېگەنىكەن. بۇزۇر جۇمھۇر: «تۆت نەرسە ئىند-
سانغا زور بالادۇر» دەيدۇ: بىرى، يامان قوش-
نا؛ ئىككىنچى، سېنىڭ ھال ـ ئەھۋالىڭدىن
خەۋەردار بولۇپ تۇرىدىغان، يەنى سېنىڭ
ماڭغان ـ تۇرغىنىڭنى كۆزىتىپ تۇرىدىغان
كىشى؛ ئۈچىنچى، كۆپ خوتۇن، تۆتىنچى،
ھەسەتخورلۇق. ئىمكان بار ئەمەلدار ـ خو-
جىلار ۋە ئۆلىمالارغا قوشنا بولۇپ قېلىش
ئېھتىمالى بولغان جايدىنمۇ هويلا ئالما.

# ئەلىشىر نەۋائىينىڭ «چىھىل ھەدىس» ناملىق ئەسىرىدىن①

*مۇھەررىردىن:* «چىھىل ھەدىس» («ئەربەئىن» دەپمۇ ئاتىلىدۇ) ئەلىشىر نەۋائىينىڭ ئىجادىي مىراسلىرى ئىچىدىكى ئەخلاقىي تېمىغا ئائىت ئەسەر. نەۋائىي بۇ ئەسەرنى ئەبدۇرەھمان جامىينىڭ «ئەربەئىن» ناملىق ئەسىرىدىن تاللانغان ھەدىسلەر ئاساسىدا ئىشلەپ چىققان. بۇ ئەسەرگە تاللانغان قىرىق ھەدىس كىشىلىك ھاياتتا ناھايىتى زۆرۈر بولغان ئەدەب - ئەخلاق مىزانلىرى ۋە ھېكمەتلىك سۆزلەردىن ئىبارەت. بۇ سۆزلەر «سەھىھۇل - بۇخارى» ۋە «سەھىھۇل - مۇسلىم» قاتارلىق ھەدىس كىتابلىرىدىن ئېلىنغان بولۇپ، بۇلار ئەڭ ئىشەنچلىك ۋە ئەڭ مۆتىۋەر ھەدىسلەر دەپ

① بۇ ئەسەرنى جاپپار ئەزىم شاھ كۇچادىن تېپىلغان قولىيازمىسىغا ئاساسەن نەشرگە تەييارلاپ، «بۇلاق» مەجمۇئەسىنىڭ 1994 - يىللىق 4 - سانىدا ئېلان قىلغان. بۇ كىتابىمىزغا شۇ بويىچە ئېلىندى.

قارالغان. بۇ ھەقتە نەۋائى بۇ ئەسەرنىڭ مۇ-
قەددىمىسىدە:

ئوقۇغاندا بۇخارىيۇ مۇسلىم،
قىرىق سۆز بارچە شۇبھەدىن سالىم.

دېگەن. نەۋائىي بۇ قىرىق ھەدىسنى ئە-
رەبچىدىن تۈركىي تىلغا نەزمىي شەكىلدە تەر-
جىمە قىلغان ۋە ئۇنىڭ مۇقەددىمە، خاتىمىلە-
رىنى يېزىپ، ئايرىم بىر ئەسەر ھالىتىگە كەل-
تۈرگەن. نەۋائىي بۇ ئەسەرنى ۋۇجۇدقا چىقى-
رىش ئۈچۈن ھىجرىيە 886 - ( مىلادىيە 1481
— 1482 - يىللىرى) ئۇستاز ئەبدۇرەھمان
جامىدىن دۇئا ۋە ئىجازەت ئالغاندىن كېيىن،
بىر - ئىككى كۈن ئىچىدە ئۇنى تاماملىغانلىقى-
نى ئېيتقان. نەۋائىينىڭ بۇ تەرجىمە ۋە
شەرھلىرىدىن ئۇنىڭ خەلقچىللىق، تەرەققىي-
پەرۋەرلىك ئىدىيىسىنى ئوچۇق كۆرۈۋالغىلى
بولىدۇ. گۇمانىستىك خاراكتېر نەۋائىينىڭ
باشقا ئەسەرلىرىدىكىگە ئوخشاشلا «چېھل ھە-
دىس» تىمۇ ئالاھىدە جۇلالىنىپ تۇرىدۇ. شۇڭا
ئەلىشىر نەۋائىينىڭ بىر پۈتۈن ئىدىيە سىستې-

*مىسىنى ئۆگەنگەندە ۋە تەتقىق قىلغاندا «چىھىل ھەدىس» مۇ مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.*

(1) سىلەرنىڭ ھېچ بىرىڭلار ئۆزۈڭلەرگە راۋا كۆرگەننى ئۆزگە قېرىنداشىڭلارغا راۋا كۆرمىسەڭلەر، كامىل مۇسۇلمان بولالمايسىلەر.

(2) ئادەملەرگە رەھىمدىل بولمىغان كىشىگە تەڭرىمۇ رەھىم قىلمايدۇ.

(3) تىلىدىن ۋە قولىدىن مۇسۇلمانلارغا ئازار يەتكۈزمىگەن ۋە يەتكۈزمەيدىغان كىشى ھەقىقىي مۇسۇلماندۇر.

(4) مۆمىن كىشىلەر ئىككى خىل ئىللەتتىن خالىيدۇر. ئۇنىڭ بىرى بېخىللىق، يەنە بىرى يامان خۇلق.

(5) سەھەردىكى ئۇيقۇ رىزقىنى كېمەيتىدۇ.

(6) كىشى تەكەببۇرلاشقانسېرى ئۇنىڭ-

ـدا ئىككى خىل خۇسۇسىيەت كۆچىيىپ بارىـ
ـدۇ. ئۇنىڭ بىرى دۇنياغا ھېرىسمەنلىك، يەنە
بىرى چاكىنا ئارزۇ ـ ھەۋەس.

(7) دۇنيا بىر لەنەتكەردىدۇر، تەگرى
زىكرىدىن باشقا، دۇنيانىڭ بىھۇدە ئىشلىرىمۇ
يىرگىنىشلىكتۇر.

(8) تەگرى تائالا ئوچۇق يوروۇق مۇئاـ
مىلىنى ۋە خۇشخۇي ئادەملەرنى ياخشى كۆرىـ
ـدۇ.

(9) ھەمىشە تاھارەت بىلەن يۈرگىن،
تاھارىتىڭنىڭ تازىلىقى رىزقىڭنى ئاشۇرىدۇ.

(10) ياخشىلىقنى ئوچۇق چىراي،
خۇشخۇي ئادەملەردىن كۈتۈڭلار.

(11) مۆمىن كىشىگە يىلان بىر تۆشۈكـ
ـتىن ئىككى قېتىم چىقىلمايدۇ.

(12) دىنار ۋە دەرھەمگە (پۇل ـ مالغا)
قۇل بولغانلارغا لەنەت.

(13) تولا كۈلۈش ئادەمنىڭ كۆڭلىنى ئۆلتۈرىدۇ.

(14) كىم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇ خەير - ئېھسان قىلىشتا، بىھۇدە ئىشلاردىن ئۆزىنى تارتىشتا، ياخشى كىشىلەرنى دوست تۇتۇشتا ۋە يامان ئادەملەرنى دۈشمەن تۇتۇشتا پەقەت تەڭرىنىڭ رىزالىقىنىلا نىيەت قىلغان بولسا، دېمەك ئۇ كىشى ئۆز ئىمانىنى مۇكەممەل ساقلىغان بولىدۇ.

(15) جەننەت ئانىلارنىڭ ئايىغى ئاستىدا.

(16) مەجلىس، يىغىلىشلاردا ئاڭلىغان سۆزلەر ئامانەتتۇر.

(17) ئۆزىنىڭ ئەيىبىنى بىلىپ، باشقىلارنىڭ ئەيىبىنى سىر ساقلىغان ئادەم ئەڭ ياخشى ئادەمدۇر.

(18) مەسلىھەت بەرگۈچى كىشى ئاما-

نەتداردۇر.

(19) كىشى مال دۇنيانىڭ كۆپلۈكى بىلەن ئەمەس، بەلكى نەپسىنىڭ توقلۇقى بىلەن بايدۇر.

(20) كۆڭلى ـ كۆكسى كەڭ بولۇش ھەقىقەتەن پايدىلىقتۇر.

(21) مىننەت قىلىش سېخىيلىقنىڭ ئاپىتىدۇر.

(22) قانائەت تۈگىمەس بايلىقتۇر.

(23) كىشىلەرنىڭ قولىدىكى نەرسىدىن تەمە قىلماسلىقنىڭ ئۆزى ھەقىقي بايلىقتۇر.

(24) كىشى ئۆز تىلى بىلەن بالا ـ قازاغا دۇچار بولىدۇ.

(25) باشقىلارنىڭ كەمچىلىكىنى كۆرۈپ ئۆزىنى تۈزەتكەن ئادەم بەختلىكتۇر.

(26) كىشىلەرگە تەشەككۇر ئېيتمايدىغان ئادەم تەڭرىگىمۇ تەشەككۇر ئېيتمايدۇ.

(27) ئىلىم ـ بىلىمنى كىشىلەردىن ئا-
ياشقا، مەنئى قىلىشقا بولمايدۇ.

(28) ئىنسانلارغا پايدا ـ مەنپەئەتى
كۆپ تېگىدىغان كىشى ئىنسانلارنىڭ ئەڭ
ياخشىسىدۇر.

(29) مەنىسىز سۆزلەرنى ئېيتىشتىن
ساقلىنىش — مۇسۇلمانچىلىقنىڭ نەقەدەر چى-
رايلىق ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

(30) ئۆلۈم كىشىگە يېتەرلىك پەندۇ ـ
نەسىھەتتۇر.

(31) ياخشى گەپ قىلىشمۇ سەدىقە بەر-
گەنلىكتۇر.

(32) ئاڭلىغانلىكى گەپنى باشقىلارغا سۆز-
لەۋېرىدىغان ئادەم گۇناھكاردۇر.

(33) ھەربىر ئىشنىڭ سەۋەبى، جەرياذ-
لىرىنى ئېتىبارغا ئېلىش ھەقىقىي ئېھتىياتچاذ-
لىقتۇر.

(34) بىر ـ بىرىڭلارغا سوۋغا ـ سالام بېرىشىپ دوست بولۇڭلار.

(35) ناتونۇش، يالغۇز ئاياللارغا تاشلىنىغان ھەربىر شەھۋانە كۆز شەيتانىنىڭ ئوتى دېمەكتۇر.

(36) گاھى ـ گاھىدا كۆرۈشۈپ تۇرۇش مۇھەببەتنى ئاشۇرىدۇ.

(37) ۋەدىنىڭ ئۆزى پەرھىزدۇر.

(38) كۈرەشتە رەقىبىنى يەڭگەن ئادەم باتۇر ئەمەس، بەلكى غەزىپى كەلگەندە ئۆزىنى تۇتۇۋالالايدىغان ئادەم باتۇر.

(39) قەرز بولسا دىن ئۈستىدىكى داغدۇر.

(40) مۆمىن كىشى قوشنىسى ئاچ تۇرۇپ، ئۆز قورسىقىنى تويغۇزمايدۇ.

## «‹قۇرئان كەرىم› ۋە ھەدىسلەردىن تاللانما» دىن[1]

باشقىلارنىڭ ئۆيلىرىگە (كىرىشكە) ئىجازەت سورىمىغۇچە ۋە ئۆي ئىگىسىگە سالام بەرمىگۈچە كىرمەڭلار، ۋەز ـ نەسىھەت ئېلىشڭلار (يەنى بۇ گۈزەل ئەخلاق ئەدەبكە ئەمەل قىلىشڭلار) ئۈچۈن بۇ (يەنى ئىجازەت سوراپ ۋە سالام بېرىپ كىرىش ئۇشتۇمتۇت كىرىشتىن) سىلەرگە ياخشىدۇر. ئەگەر باشقىلارنىڭ ئۆيلىرىدە ھېچ ئادەم بولمىسا سىلەرگە ئىجازەت بېرىلمىگۈچە كىرمەڭلار، ئەگەر سىلەرگە قايتىڭلار دېيىلسە، قايتىپ كېتىڭلار، قايتىپ كېتىش سىلەر ئۈچۈن ئەڭ ياخشىدۇر، ئاللاھ سىلەرنىڭ قىلىدىغان ئەمەللىرىڭلارنى

---

[1] بۇ كىتابنى مۇھەممەد سالىھ تۈزگەن بولۇپ، مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن 1998 ـ يىلى 3 ـ ئايدا نەشر قىلىنغان. بۇ كىتابىمىزغا مەزكۇر كىتابتىن ئۈزۈندىلەرنى كىرگۈزدۇق.

بىلىپ تۇرغۇچىدۇر. شەخسىي تۇرالغۇ بولمىغان (يەنى دۇكان ـ سارايلارغا ئوخشاش) ئۆيلەرگە ھاجىتىڭلار چۈشۈپ كىرسەڭلار، سىلەرگە ھېچ گۇناھ يوقتۇر، ئاللاھ سىلەرنىڭ ئاشكارىلىغىنىڭلارنىمۇ، يوشۇرغىنىڭلارنىمۇ بىلىپ تۇرىدۇ.

— سۈرە نۇر 27 ـ، 28 ـ، 29 ـ ئايەتلەر.

ياخشى ئىشقا ۋە تەقۋادارلىققا ياردەملىشىڭلار، گۇناھقا ۋە زۇلۇمغا ياردەملەشمەڭلار، ئاللاھ (نىڭ ئازابى) دىن قورقۇڭلار، ئاللاھنىڭ ئازابى ھەقىقەتەن قاتتىق.

— سۈرە« مائىدە» (5 ـ سۈرە)، 2 ـ ئايەت.

ماللار ۋە بالىلار دۇنيا تىرىكچىلىكىنىڭ زىننىتىدۇر.

— سۈرە «كەھف» (18 ـ سۈرە)، 46 ـ ئايەت.

يامان ئاياللار يامان ئەرلەرگە لايىقتۇر، يامان ئەرلەر يامان ئاياللارغا لايىقتۇر، ياخشى

ئاياللار ياخشى ئەرلەرگە لايىقتۇر، ياخشى ئەر-لەر ياخشى ئاياللارغا لايىقتۇر.
— سۈرە «نۇر» (24 ـ سۈرە)، 26 ـ ئايەت.

مۆمىنلەر ئىچىدە ئىمانى ئەڭ كامىل بولغىنى ئەڭ گۈزەل خۇلقلىق بولغىنىدۇر. سىلەرنىڭ ياخشىلىرىڭلار ئاياللىرىغا ياخشى مۇئامىلە قىلىدىغانلىرىڭلاردۇر.
(تىرمىزى نەقىل قىلغان).

ئاتا ـ ئانا ئۆز بالىسىغا ياخشى ئەدەپ ـ ئەخلاق ئۆگىتىشتىن ئۈبدانراق نەرسە، يە-نى ئوزۇق بېرەلمەيدۇ.
(تىرمىزى نەقىل قىلغان).

ئەڭ پاك كەسىپ شۇنداق سودىگەرلەر-نىڭ كەسىپىدۇركى، ئۇلار سۆزدە يالغان ئېيت-مايدۇ، ئامانەتكە خىيانەت قىلمايدۇ، ۋەدىسىگە خىلاپلىق قىلمايدۇ، نەرسە سېتىۋالغاندا ئۇنى كەمسىتمەيدۇ، نەرسە ساتقاندا ئۇنى كۆپتۈرۈپ

داغلىمايدۇ، ئۆز ئۇستىدىكى قەرزىنى ئادا قىلىشتا كېچىكتۈرمەيدۇ ۋە قولى قىسقا ئادەمدە ئېلىشى بولسا ئۇنى قىستىمايدۇ.
(بەيھەقى نەقىل قىلغان).

بىر ئادەم ئۆز قېرىندىشىنىڭ سودىسىنى بۇزۇپ سودا قىلىشۋالمىسۇن، شەھەرلىك كىشى يېزىدىن كىرگەن بىر كىشىنىڭ مېلىنى مەن سېتىپ بېرىمەن دەپ (باشقىلار بىلەن ئەركىن سودا قىلىشىغا) توسقۇنلۇق قىلمىسۇن، (ئالغۇچىلار يوق نەرسىگە قىممەت باھا قويۇپ) باشقىلارنى قىممەت سېتىۋېلىشقا قىزىقتۇرىدىغان (ئىشلارنى) قىلماڭلار، بىر ئادەم ئۆز قېرىندىشى سودىدا قويغان باھادىن ئاشۇرۇپ باھا قويمىسۇن (يەنى سېتىۋالماقچى بولغان ئادەم ئېلىشتىن ۋاز كېچىشتىن بۇرۇن ئۇنىڭدىن ئارتۇقراق تەلەپ قويىدىغان ئىشنى قىلمىسۇن.
(ئەبۇ ھۇرەيرە نەقىل قىلغان).

بىر بەندە يالغان سۆزلىسە ئۇنىڭ قىلمى-
شىنىڭ سېسىقلىقىدىن پەرىشتە بىر مىل يىراق
يەرگە كېتىدۇ.
(تىرمىزى نەقىل قىلغان).

بىر ئادەمنىڭ بىلىپ تۇرۇپ بىر دەرھەم
جازانە يېيىشى 36 قېتىم زىنا قىلغاندىن يامان.
(ئەھمەد نەقىل قىلغان).

تىلەمچىلىك قىلىش ئۈچ خىل ئادەمنىڭ
بىرسىدىن باشقىسىغا ھالال بولمايدۇ. بىر ئادەم
باشقىلار تەرىپىدىن قەرز ياكى تۆلەمگە قالغان
بولسا، ئۇنىڭ شۇ قەرزىگە يەتكەنگە قەدەر
تىلەمچىلىك قىلىشى ھالال بولىدۇ، ئاندىن
توختاپ قالىدۇ. ۋە يەنە بىر ئادەم ئاسماندىن
(چاقماق، يامغۇر، بوران قاتارلىقلاردىن) يەر
- زېمىندىن (سۇ، ئوت قاتارلىقلاردىن) مېلىغا
ئاپەت يېتىپ، مېلى ھالاك بولغان بولسا، تۇر-
مۇشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈۋالغۇچىلىك تىلەمچى-

لىك قىلسا ھالال بولىدۇ. ۋە يەنە بىرسى نامراتلىق يەتكەن ئادەم بولۇپ، ئۇنىڭ ئۆز قەۋمىدىن راستچىل، ئەقىللىق ئۈچ ئادەم پالا- نىغا ھەقىقەتەن نامراتلىق يەتتى دەپ گۇۋاھ- لىق بەرسە، ئاندىن ئۇ تۇرمۇشنى قامداشقا يەتكۈدەك تىلەمچىلىك قىلسا ھالال بولىدۇ. بۇلاردىن باشقىسى ـ تىلەمچىلىك قىلسا قاتـ- تىق ھارامدۇر، ئۇنىڭ ئىگىسى ئۇنىمۇ ھارام ھالەتتە يەيدۇ.

(مۇسلىم نەقىل قىلغان).

ھايا بەندە ئۈچۈن ھەممە ياخشىلىقلارنى ئېلىپ كېلىدۇ.

(بۇخارى نەقىل قىلغان).

ياش ئادەم بىرەر ياشانغان كىشىنى يا- شانغانلىقى ئۈچۈن ھۆرمەت قىلسىلا، ئاللاھ ئۇنىڭغا ياشانغىنىدا ئۇنى ھۆرمەت قىلىدىغان ئادەمنى مۇيەسسەر قىلىدۇ.

(تىرمىزى نەقىل قىلغان).

كىچىكلىرىمىزگە رەھىم قىلمىغان، چوڭ-لىرىمىزنى ھۆرمەتلىمىگەن، ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇمىغان، يامان ئىشلاردىن توسمىغان ئا-دەملەر بىزگە مەنسۇپ ئەمەس.

(تىرمىزى نەقىل قىلغان).

كىچىكلەر چوڭلارغا، ئۆتۈپ كېتىۋاتقان-لار ئولتۇرغانلارغا، ئاز سانلىق كۆپ سانلىققا سالام قىلىش كېرەك.

(بۇخارى نەقىل قىلغان).

بىر ئادەم يەنە بىر ئادەمنى قوپۇرۇۋېتىپ، ئۇنىڭ ئورنىدا ئولتۇرۇۋالمىسۇن. لېكىن سىد-لەر سۈرۈلۈپ ئورۇن چىقىرىپ بېرىڭلار.

(بۇخارى نەقىل قىلغان).

چېلىشقاندا يەڭگەن ئادەم نوچى ئە-مەس، ئاچچىقى كەلگەندە ئۆزىنى بېسىۋالغان

ئادەم ھەققىي نوچىدۇر.
(ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ نەقىل قىلغان).

ئاياللاردەك بولۇۋالغان ئەرلەرگە ۋە ئەرلەردەك بولۇۋالغان ئاياللارغا لەنەت.
(بۇخارى نەقىل قىلغان).

ھەر قانداق نەرسىدە ھاياسىزلىق بولىدىكەن ئۇ نەرسىنى سەتلەشتۇرىدۇ، ھەر قانداق نەرسىدە ھايا بولىدىكەن ئۇ نەرسىنى گۈزەللەشتۇرىدۇ.
(تىرمىزى نەقىل قىلغان).

مۇلايىملىقتىن مەھرۇم قىلىنغان ئادەم، پۈتۈن ياخشىلىقتىن مەھرۇم قىلىنغان بولىدۇ.
(مۇسلىم نەقىل قىلغان).

ياخشى سۆز سەدىقە ھېسابلىنىدۇ.
(بۇخارى نەقىل قىلغان).

كىشلەر ئارىسىدا ئاللاھ ئەڭ يامان كۆ-
رىدىغان ئادەم، دۈشمەنلىكى قاتتىق قۇسۇمەت-
چى ئادەمدۇر.
(مۇسلىم نەقىل قىلغان).

ئۈچ تۈرلۈك ئادەم بار، ئاللاھ تائالا قىيا-
مەت كۈنى ئۇلار بىلەن گەپلەشمەيدۇ، ئۇلار
- بىر كىمگە بىر نەرسە بەرسىلا مىننەت
قىلىدىغان ئادەم؛ مېلىنى يالغان قەسەم بىلەن
بازارغا سالىدىغان ئادەم؛ (تەكەببۇرلۇقتىن)
پۇچقىقىنى سۆرەپ ماڭىدىغان ئادەم.
(سىھائى خەمسە نەقىل قىلغان).

پەقەت گۇناھكار ئادەملا بىسىمدارلىق
قىلىدۇ.
(مۇسلىم نەقىل قىلغان).

كىشلەرنى ئەپلەشتۈرۈش ئۈچۈن، يا-
رىشىشقا پايدىلىق گەپلەرنى قىلغان ئادەم يال-
غانچى ھېسابلانمايدۇ.

(بۇخارى نەقىل قىلغان).

ئاخىرەتلىك ئەمەللىرىدىن باشقا ھەممە ئىشتا ئىنغىر - بېسىقلىق ياخشىدۇر.
(ئەبۇ داۋۇت نەقىل قىلغان).

كىشىلەرگە ئارىلىشىدىغان ۋە ئۇلارنىڭ يەتكۈزگەن ئەرزىيەتلىرىگە سەۋر قىلىدىغان مۆمىن، كىشىلەرگە ئارىلاشمايدىغان ۋە ئۇلار- دىن يەتكەن ئەرزىيەتكە سەۋر قىلمايدىغان مۆمىندىن ياخشى.
(تىرمىزى نەقىل قىلغلن).

ئالدىراڭغۇلۇق شەيتاندۇر.
(تىرمىزى نەقىل قىلغان).

ئەگەر قەرزدارنىڭ قولى قىسقا بولسا، ئۇنىڭ ھالى ياخشىلانغۇچە كۈتۈڭلار، ئەگەر (خەيرلىك ئىش ئىكەنلىكىنى بىلسەڭلار، قى- يىنچىلىقتا قالغان قەرزداردىن ئالىدىغان قەرز-

نى ئۇنىڭغا) سەدىقە قىلىپ بېرىۋەتكىنىڭلار سىلەر ئۇچۇن تېخىمۇ ياخشىدۇر. سىلەر شۇن-داق بىر كۈندىن (يەنى قىيامەت كۈنىدىن) قورقۇڭلاركى، ئۇ كۈندە سىلەر ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇلىسىلەر، ئاندىن ھەر كىشى قىلغان (ياخشى ـ يامان) ئەمەلىنىڭ نەتىجى-سىنى تولۇق كۆرىدۇ، ئۇلارغا زۇلۇم قىلىنماي-دۇ (يەنى ياخشى ئەمەلى كېمەيتىلىپ، يامان ئەمەلي كۆپەيتىلمەيدۇ)، ئى مۆمىنلەر! مۇد-دەت بەلگىلەپ ئۆز ئارا قەرز بېرىشسەڭلار، ئۇنى (ھۆججەت قىلىپ) يېزىپ قويۇڭلار، ئاراڭلاردىكى خەت بىلىدىغان كىشى ئۇنى (كەم ـ زىيادە قىلماي) ئادىللىق بىلەن ياز-سۇن، خەت بىلىدىغان كىشى (ئاللا ئۇنىڭغا بىلدۈرگەندەك توغرىلىق بىلەن يېزىشنى) رەت قىلمىسۇن، ئۇ يازسۇن، زىممىسىدە باشقىلار-نىڭ ھەققى بولغان ئادەم (يازىدىغان كىشىگە) ئېيتىپ بەرسۇن، (قەرزدار) پەرۋەردىگارى ئال-

لادىن قورقسۇن، قەرز ئالغان نەرسىدىن ھېچنېمىنى كېمەيتىۋەتمىسۇن، ئەگەر قەرز ئال-غۇچى ئادەم ئەخمەق (يەنى خۇدبىن، ئەقىل-سىز، ئىسراپخور) ياكى ئاجىز (يەنى كىچىك بالا ياكى بەكمۇ قېرى) بولسا، ياكى (گەپ قىلالماسلىقى، گاچىلىقى، كېكەچلىكى تۇپەيلى-دىن) ئۆزى ئېيتىپ بېرەلمىسە، ئۇنىڭ ئىشلى-رىنى باشقۇرغۇچى ئادەم ئادىللىق بىلەن ئېيت-تىپ بەرسۇن، سىلەر ئەر كىشىلەردىن ئىك-كى كىشىنى گۇۋاھلىققا تەكلىپ قىلىڭلار؛ ئە-گەر ئىككى ئەر كىشى يوق بولسا، سىلەر (ئادالىتىگە دىيانىتىگە) رازى بولىدىغان كى-شىلەردىن بىر ئەر، ئىككى ئايالنى گۇۋاھلىققا تەكلىپ قىلىڭلار، بۇ ئىككى ئايالنىڭ بىرسى ئۇنتۇپ قالسا، ئىككىنچىسى ئېسىگە سالىدۇ. گۇۋاھچىلار (گۇۋاھلىققا) چاقىرىلغان ۋاقتىدا (گۇۋاھ بولۇشتىن) باش تارتمىسۇن، قەرز مەيلى ئاز بولسۇن، مەيلى كۆپ بولسۇن،

ئۇنى قايتۇرۇش ۋاقتى بىلەن قوشۇپ يېزىش-
تىن ئېرىنمەڭلار، ئاللاھنىڭ نەزىرىدە (يەنى
ھۆكمىدە)، بۇ ئەڭ ئادىللىق ۋە ئەڭ ئىسپات-
لىقتۇر (يەنى گۇۋاھلىقنىڭ ئۇنتۇلماسلىقىنى
ئەڭ ئىسپاتلىغۇچىدۇر) گۇمانلانماسلىقىڭلارغا
ئەڭ يېقىندۇر. لېكىن ئاراڭلاردا قىلىشقان قول-
مۇ - قول سودىدا ھۆججەت يازمىساڭلارمۇ
ھېچ گۇناھ بولمايدۇ. ئۆز ئارا سودا قىلىشقان
ۋاقىتلاردا گۇۋاھچى تەكلىپ قىلىڭلار، پۈتۈك-
چىگىمۇ، گۇۋاھچىغىمۇ زىيان يەتكۈزۈلمىسۇن؛
ئەگەر زىيان يەتكۈزسەڭلار گۇناھ ئۆتكۈزگەن
بولىسىلەر، ئاللانىڭ (ئەمرىگە ۋە نەھىيسىگە
مۇخالىپەتچىلىك قىلىشتىن) ساقلىنىڭلار، ئال-
لاھ سىلەرگە ئۆگىتىدۇ (يەنى سىلەرگە ئىككى-
لا دۇنيادا پايدىلىق بولغان ئىلىمنى بېرىدۇ)
، ئاللاھ ھەممە نەرسىنى بىلگۈچىدۇر.

— سۈرە بەقەر، 280 ـ 281 ـ 282 ـ ئايەتلەر.

كىمكى ئۇنىڭ ئۈچ قىزى ياكى ئۈچ

ھەمشىرىسى ياكى ئىككى قىزى ياكى ئىككى ھەمشىرىسى بولۇپ، بۇلارنى ئوبدان پەرۋىش قىلسا ئۇلار توغرىسىدا ئاللادىن قورقسا ئۇ جەننەتكە كىرىدۇ.

(تىرمىزى نەقىل قىلغان).

ھەسەتتىن ساقلىنىڭلار، ھەسەت قىلىش ياخشىلىقلارنى خۇددى ئوت ئوتۇننى يېگەن-دەك يەيدۇ.

(ئەبۇ داۋۇت ۋە ئىبنى ماجە نەقىل قىلغان).

سىلەردىن بىر كىم پۇل - مال ۋە چىراي - شەكىل جەھەتتىن ئۆزىدىن ئۈستۈن ئادەم-گە نەزەر سالغىنىدا، ئۆزىدىن تۆۋەن ئادەمگە قارىسۇن.

(بۇخارى نەقىل قىلغان).

سىلەردىن بىرىڭلار ئۆزىگە نېمىنى ياخ-شى كۆرسە، قېرىندىشىغىمۇ شۇنى ياخشى كۆرمىگۈچە ھەقىقىي مۆمىن ھېسابلانمايدۇ.

(بۇخارى نەقىل قىلغان).

كىمكى بىلىم ئىزدەش يولىغا كىرسە ئال-
لاھ ئۇنىڭغا جەننەتنىڭ يولىنى ئاسانلاشتۇر-
دۇ.

(ئەبۇ داۋۇت نەقىل قىلغان).

ئىنسان ئۆز بەدىنىدىكى ھەربىر ئوگى-
نىڭ شۈكرانىسى ئۈچۈن ھەر كۈنى سەدىقە
بېرىپ تۇرۇشى لازىم، بىر كىشىنىڭ ئۇلاغقا
مىنىشىگە ياردەملەشسە ياكى ئۇنىڭ يۈك -
تاقلىرىنى ئارتىشىپ بەرسە، بۇ ئىش ياردەم-
لەشكۈچى ئۈچۈن سەدىقە ئورنىدا بولىدۇ،
ياخشى سۆزمۇ، ناماز ئوقۇشقا ماڭغان ھەربىر
قەدەممۇ سەدىقە ئورنىدا بولىدۇ. كىشىگە يول
كۆرسىتىپ قويۇشمۇ سەدىقە ئورنىدا بولىدۇ.
(بۇخارى نەقىل قىلغان).

## پايدىلانغان ماتېرىياللار

1. مۇھەممەتتۇرسۇن باھاۋۇدۇن رەتلىگەن: «ئەجدادلار نەسىھىتى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1991 - يىل 11 - ئاي نەشرى.
2. ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن: «ئائىلە»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2002 - يىل 10 - ئاي نەشرى.
3. ھاجى ئەخمەت كۆلتېگىن، ئابدۇرېھىم سابىت تۈزگەن: «ھېكمەتلىك سۆزلەر»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1998 - يىل 2 - ئاي نەشرى.
4. مەھمۇد ھەسەنىي تۈزگەن (يۇنۇس ئىلياس ئىدىقۇتلۇق ئۇيغۇرچىلاشتۇرغان): «ئەدەب بوستانى ۋە ئەخلاق گۈلىستانى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2001 - يىل 3 - ئاي نەشرى.
5. يۇنۇس ئىلياس ئىدىقۇتلۇق ئۇيغۇرچىلاشتۇرغان: «ئەدەبنامە»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2004 - يىل 8 - ئاي نەشرى.
6. يار مۇھەممەت تاھىر تۇغلۇق: «بوۋام شۇنداق ئۆگەتكەن»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2001 - يىل 5 - ئاي نەشرى.
7. ئىبزىز ئاتاۋۇللا سارتېكىن تۈزگەن: «‹قۇتادغۇبىلىك›، تىن جەۋھەرلەر»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 2002 - يىل 12 - ئاي نەشرى.
8. ئىبزىز ئاتاۋۇللا سارتېكىن تۈزگەن: «جۇڭگو ۋە چەت ئەللەردىكى مەشھۇر شەخسلەرنىڭ مەشھۇر

ئەسەرلىرىدىن جەۋھەرلەر» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىيا-
تى، 2005 - يىل 9 - ئاي نەشرى.
9. ئەزىزى، ھەجەرگۈل قاسىم تۈزگەن: «دانا-
لار دۇردانىلىرى» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى،
2001 - يىل 3 - ئاي نەشرى.
10. رىزائۇددىن ئىبنى فەخرۇددىن (ئەزىزى،
ھۆرمەتجان ئابدۇراخمان فىكرەت تەرجىمە قىلغان) :
«ئەدەب - ئەخلاق مىزانلىرى» ، مىللەتلەر نەشرىيا-
تى، 2005 - يىل 5 - ئاي نەشرى.
11. بالتاسار گراسيان (ئەخمەت پاسار تەرجى-
مىسى) : «پاراسەتنامە» ، مىللەتلەر نەشرىياتى،
2001 - يىل 11 - ئاي نەشرى.
12. «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ مۇنا-
سىۋەتلىك سانلىرى
13. غوپۇر قادىر تەرجىمە قىلغان: «دۇنياغا
تەسىر كۆرسەتكەن 176 مەسەل» ، مىللەتلەر نەشرى-
ياتى، 2006 - يىل 7 - ئاي نەشرى.
14. ئىزىز ئاتاۋۇللا سارتىكىن تۈزگەن: «سەر-
خىل ئەسەرلەردىن جەۋھەرلەر» ، شىنجاڭ خەلق سە-
ھىيە نەشرىياتى، 2005 - يىل 12 - ئاي نەشرى.
15. «بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ مۇناسىۋەتلىك سان-
لىرى.
16. مۇھەممەد سالىھ تۈزگەن: «‹قۇرئان كە-
رىم› ۋە ھەدىسلەردىن تاللانما» ، مىللەتلەر نەشرىياتى
1998 - يىل 3 - ئاي 2 - نەشرى.

# ساغلام تۇرمۇش يولى (1)
# ئەرلەرگە 100 نەسىھەت

تۈزگۈچى: ئەزىز ئاتاۋۇللا سارتىكىن
مەسئۇل مۇھەررىرى: يالقۇن ئابدۇسالام
مەسئۇل كوررېكتورى: يۇلتۇز ئۇچقۇن

* * *

نەشر قىلغۇچى: شىنجاڭ خەلق سەھىيە نەشرىياتى
نەشرىيات ئادرېسى: ئۈرۈمچى بۇلاقبېشى كوچىسى 66 - قورۇ
پوچتا: 830001 تېلېفون: 2832440 (0991)
باسقۇچى: ئۈرۈمچى ئالتۇن يارۇق باسما زاۋۇتى
تارقاتقۇچى: شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى
نەشرى ۋە بېسىلىشى: 2006 - يىل 9 - ئاي 1 - نەشرى
ئۆلچىمى 850×1168 مم، 64 كەسلەم، 2 باسما تاۋاق
سانى: 10000

* * *

ISBN 7-5372-4234-8
ئومۇمىي باھاسى (تۆت كىتاب) 20.00 يۈەن